Cour
Pénale
Internationale

International
Criminal
Court

# Rome Statute
# of the International Criminal Court

# خەلقئارا جىنايى ئىشلار
# سوت مەھكىمىسىنىڭ
# رىم ئەھدىنامىسى

تەرجىمىگە ئويۇشتۇرغۇچى: شۆھرەت تېكىن

تەرجىمە قىلغۇچىلار:
ئەنۋەر قارا قورۇم
ھېكمەتيار ئىبراھىم
باشقىلار ( ئۇيغۇرە ۋە ئۇيغۇر )

تەھرىرلىگۈچى: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)
2019 سېنتەبىر
www.uyghursfoundation.org

# خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ
# رىم ئەھدىنامىسى*

* تۆۋەندىكىسى 1998 – يىلى 7 – ئاينىڭ 17 – كۈنى (A/CONF, 183/9) ناملىق ھۆججەت شەكلىدە تارقىتىلغان، شۇنداقلا 1998 – يىلى 11 – ئاينىڭ 10 –كۈنى، 1999 – يىلى 7 – ئاينىڭ 12 – كۈنى، 1999 – يىلى 11 – ئاينىڭ 30 – كۈنى، 2000 – يىلى 5 – ئاينىڭ 8 – كۈنى، 2001 – يىلى 1- ئاينىڭ 17 – كۈنى ۋە 2002 – يىلى 1- ئاينىڭ 16 – كۈندىكى كېڭەشلەردە تۈزىتىلگەن «رىم ئەھدىنامىسى»دۇر. مەزكۇر ئەھدىنامە 2002 – يىلى 7 – ئاينىڭ 1 – كۈنى رەسمىي كۈچكە ئىگە بولغان.

خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ رىم ئەھدىنامىسى

كىرىش سۆز

**مەزكۇر ئەھدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەتلەر:**

ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىنلىقىنى، جانىجان مەنپەئەتلىرىنىڭ بىر - بىرىگە زىچ باغلانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىرلىكتە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلانغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل مۇستەھكەم بولمىغان بىرىكمىنىڭ ھەرۋاقىت يىمىرىلىشى مۇمكىنلىكىدىن ئەنسىرەپ،

بۇ ئەسىردە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز زوراۋانلىقلارنىڭ سانسىز باللار، ئاياللار ۋە ئەرلەرنىڭ ھاياتىغا زامىن بولۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانىنى قاتتىق زىلزىلىگە سالغانلىقىغا **دىققىنى ئاغدۇرۇپ**،

بۇ خىل ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ دۇنيا تىنچلىقىغا، بەختەرلىكىگە ۋە بەخت – سائادىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى **تونۇپ يېتىپ**،

پۈتۈن خەلقئارا جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەڭ ئېغىر جىنايەتلەرنى جازالىماي ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى، جىنايەتچىلەرنى ئۈنۈملۈك جازالاش ئۈچۈن، چوقۇم دۆلەت سەۋىيەسىدە تەدبىر قوللىنىش ۋە خەلقئارالىق ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش لازىملىقىنى **مۇئەييەنلەشتۈرۈپ**،

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنىغان جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ قانۇنىي جازاغا تارتىلماي ئەركىن يايراپ يۈرۈشىگە يول قويماسلىققا ۋە شۇ ئارقىلىق بۇ خىل جىنايەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا **بەل باغلاپ**،

ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا جىنايەت سادىر قىلغان كىشىلەرگە قارىتا جىنايى ئىشلار تەۋەلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى **ئويلاپ**،

«بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى»نىڭ تۈپ غايىسى ۋە پرىنسىپىنى، بولۇپمۇ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قورال كۈچى ئارقىلىق بىر – بىرىگە تەھدىت سېلىشىغا ياكى قورال كۈچى ۋەياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تۈپ غايىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەرقانداق باشقا ئۇسۇل ئارقىلىق ھەرقانداق دۆلەتنىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىگە ۋە سىياسىي مۇستەقىللىقىگە تاجاۋۇز قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى **قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇپ**،

مەزكۇر ئەھدىنامىدىكى ھەرقانداق بەلگىلىمىنى بۇ ئەھدىنامىنى تۈزۈشكەن ھەرقانداق دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتتىكى قوراللىق توقۇنۇشقا ياكى ئىچكى سىياسەتكە ئارىلىشىشىغا يول قويۇش دەپ ئىزاھلاشقا بولمايدىغانلىقىنى **تەكىتلەپ**،

مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ۋە بۈگۈندىن كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سىستېمىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان، پۈتۈن خەلقئارا جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەڭ ئېغىر جىنايەتلەرگە قارىتا سوتلاش ھوقۇقىغا ئىگە، مۇستەقىل، دائىمىي، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىدىن بىرنى تەسىس قىلىشنى **قارار قىلىپ**،

مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئاساسەن تەسىس قىلىنىغان خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى جىنايى ئىشلار تەۋەلىك ھوقۇقىغا قارىتا تولۇقلاش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى **تەكىتلەپ**،

خەلقئارالىق ئادالەتكە مەڭگۈ ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىنىدىغانلىقىغا **قارار قىلىپ**،

**تۆۋەندىكىلەردە بىرلىككە كەلدى:**

بىرىنچى بۆلۈم  سوت مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى

بىرىنچى ماددا

سوت مەھكىمىسى

خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى مۇشۇ شەكىلدە قۇرۇلدى («مەھكىمە»). مەھكىمە دائىمىي ئاپپارات بولۇپ، مەزكۇر ئەھدىنامىدە تىلغا ئېلىنغان، خەلقئارانىڭ دىققىتىنى تارتقان ئەڭ ئېغىر جىنايەتلەر ھەققىدە شەخسكە قارىتا سوتلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ جىنايى ئىشلار تەۋەلىك ھوقۇقىغا قارىتا تولۇقلىما رولىنى ئوينايدۇ. مەزكۇر مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى ۋە فۇنكسىيەسى مەزكۇر ئەھدىنامە ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

ئىككىنچى ماددا

مەھكىمە بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋىتى

مەھكىمە ئەھدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيى تەستىقلىغاندىن كېيىن، مەھكىمە باشلىقى مەھكىمىگە ۋاكالىتەن تۈزگەن كېلىشىمنامە ئارقىلىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ.

ئۈچىنچى ماددا

سوت مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى

1. مەھكىمەنىڭ ئورنى گوللاندىيە («ساھىبخان دۆلەت»)نىڭ گائاگا شەھىرىدە بولىدۇ.
2. مەھكىمە ئەھدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيى تەستىقلىغاندىن كېيىن، مەھكىمە باشلىقى مەھكىمەگە ۋاكالىتەن ساھىبخان دۆلەت بىلەن باش شتاب كېلىشىمى ئىمزالىشى كېرەك.
3. مەھكىمە مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغاندا، باشقا جايلاردا سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلسا بولىدۇ.

تۆتىنچى ماددا

سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇنىي ئورنى ۋە ھوقۇقى

1. مەھكىمە خەلقئارا قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا ئۆز فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە تۈپ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا زۆرۈر بولغان قانۇنىي ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە.
2. مەھكىمە مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئەھدىنامە تۈزۈشكەن ھەرقانداق دۆلەتنىڭ چېگراسى ئىچىدە ياكى ئالاھىدە كېلىشىمگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ باشقا ھەرقانداق دۆلەتنىڭ چېگراسى ئىچىدە ئۆز فۇنكسىيەسى ۋە ھوقۇقىنى يۈرگۈزسە بولىدۇ.

ئىككىنچى بۆلۈم سوتلاش ھوقۇقى، ئەرز قوبۇل قىلىشچانلىقى ۋە تەدبىقلايدىغان قانۇنلار

بەشىنچى ماددا

سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتلەر

1. مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى پۈتۈن خەلقئارا جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەڭ ئېغىر جىنايەتلەر بىلەن چەكلىنىدۇ. مەھكىمە مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى جىنايەتلەرگە قارىتا سوتلاش ھوقۇقىغا ئىگە:

1) ئىرقىي يوقىتىش جىنايىتى؛

2) ئىنسانىيەتكە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى؛

3) ئۇرۇش جىنايىتى؛

4) تاجاۋۇزچىلىق جىنايىتى

2. 121 – ماددا ۋە 123 – ماددىغا ئاساسەن، تاجاۋۇزچىلىق جىنايىتىنىڭ ئېنىقلىمىسىنى ۋە مەھكىمىنىڭ بۇ جىنايەتكە قارىتا سوتلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ شەرتلىرىنى بېكىتكەندىن كېيىن، مەھكىمە تاجاۋۇزچىلىق جىنايىتىگە قارىتا سوتلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. بۇ ماددا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى»نىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

ئالتىنچى ماددا

ئىرقىي يوقىتىش جىنايىتى

مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ نىشانىغا كۆرە، «ئىرقىي يوقىتىش جىنايىتى» مەلۇم بىر مىللەت، قەۋم، ئىرق ياكى دىنىي كوللېكتىپنى تامامەن ياكى قىسمەن يوقىتىش مەقسىتىدە قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەرقانداق بىر خىل قىلمىشنى كۆرسىتىدۇ:

1) شۇ كوللېكتىپنىڭ ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈش؛

2) شۇ كوللېكتىپنىڭ ئەزالىرىنى جىسمانىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىن ئېغىر زەخمىگە ئۇچرىتىش؛

3) شۇ كوللېكتىپنى قەستەن مەلۇم بىر خىل تۇرمۇش مۇھىتىغا قاپساپ، ئۇنىڭ تامامەن ياكى قىسمەن ھاياتىنى نابۇت قىلىش؛

4) مەجبۇرىي چارە ئىشلىتىپ مەزكۇر كوللېكتىپنىڭ ئىچىدىكى تۇغۇش – كۆپىيىشنى چەكلەشكە ئۇرۇنۇش؛

5) شۇ كوللېكتىپتىكى بالىلارنى مەجبۇرىي ھالدا يەنە بىر كوللېكتىپقا يۆتكەش.

يەتتىنچى ماددا

ئىنسانىيەتكە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى

1. مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ نىشانىغا كۆرە، «ئىنسانىيەتكە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى» ھەرقانداق ئاددىي پۇقراغا قارىتىلغان كەڭ كۆلەملىك ياكى سىستېمىلىق ھۇجۇم جەريانىدا، شۇ ھۇجۇمنى بىلگەن ئەھۋال ئاستىدا تۆۋەندىكى قىلمىشلاردىن ھەرقانداق بىرىنى سادىر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ:

1) ئۆلتۈرۈش؛

2) يوقىتىش؛

3) قۇل قىلىش؛
4) چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش ياكى مەجبۇرىي كۆچۈرۈش
5) خەلقئارا قانۇننىڭ ئاساسىي بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، قاماش ياكى باشقا شەكىلدە كىشىلىك ئەركىنلىكتىن ئېغىر دەرىجىدە مەھرۇم قىلىش؛
6) قىيىن – قىستاققا ئېلىش؛
7) باسقۇنچىلىق قىلىش، جىنسىي قۇل قىلىش، ئىپپىتىنى سېتىشقا مەجبۇرلاش، مەجبۇرىي ھامىلدارلىق، تۇغماس قىلىۋېتىش ياكى مۇشۇ دەرىجىدىكى باشقا ھەرقانداق شەكىلدىكى جىنسىي زوراۋانلىق.
8) سىياسەت، ئىرق، مىللەت، قەۋم، مەدەنىيەت، دىن، ئۈچىنچى تارماقتا دائىرىسى بەلگىلەنگەن جىنس ياكى ئومۇمنىڭ نەزىرىدە خەلقئارا قانۇنغا زىت دەپ قارىلىدىغان باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى، پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان ھەرقانداق گۇرۇپپا ياكى كوللېكتىپقا زىيانكەشلىك قىلىش، شۇنداقلا مەزكۇر تارماقتا تىلغا ئېلىنغان ھەرقانداق قىلمىش بىلەن ياكى مەھكىمەنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى ھەرقانداق جىنايەت بىلەن بىللە سادىر بولغان بولۇش؛
9) كىشىلەرنى يوقاپ كېتىشكە مەجبۇرلاش؛
10) ئىرقىي ئايرىمىچىلىق جىنايىتى
11) كىشىلەرنى زور ئازابقا دۇچار قىلىش، ياكى جىسمانىي – روھىي ساغلاملىقنى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىتىدىغان، خاراكتېرى پەرقلىق باشقا ئىنسانىيلىققا زىت قىلمىشلار.
2. 1- تارماقنىڭ نىشانىغا كۆرە:
1) «ھەرقانداق ئاددىي پۇقراغا قىلىنغان ھۇجۇم» دۆلەت ياكى تەشكىلاتنىڭ ئاددىي پۇقرالارغا ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىگە ئاساسەن، ياكى مۇشۇ خىل سىياسەتنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ھەرقانداق ئاددىي پۇقراغا 1 – تارماقتا بايان قىلىنغان قىلمىشنى قىلىشتىن ئىبارەت جەرياننى كۆرسىتىدۇ؛
2) «يوقىتىش» ئاشلىق ۋە دورا تەمىناتىنى ئۈزۈۋېتىش دېگەندەك ئۇسۇللاردا كىشىنى قەستەن مەلۇم بىر خىل تۇرمۇش ھالىتىگە قاپساپ قويۇپ، قىسمەن نوپۇسنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىشتىن ئىبارەت؛
3) «قۇل قىلىش» بىر كىشىگە قارىتا ئىگىدارلىق ھوقۇقى قارىمىقىدىكى ھەرقانداق ياكى بارلىق ھوقۇقنى ئىشلىتىشنى، ئادەم ئەتكەسچىلىكى، بولۇپمۇ ئاياللار ۋە بالىلارنى ئېلىپ – سېتىش جەريانىدا مۇشۇ خىل ھوقۇقنى ئىشلىتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛
4) «چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش ياكى مەجبۇرىي كۆچۈرۈش» خەلقئارا قانۇندا يول قويۇلغان شەرتلەر ھازىرلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا، قوغلاپ چىقىرىش ياكى باشقا مەجبۇرلاش قىلمىشلىرى ئارقىلىق ئالاقىدار كىشىنى ئۆزى قانۇنلۇق تۇرۇۋاتقان رايوندىن كۆچۈرۈۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ؛
5) «قىيىن – قىستاققا ئېلىش» جاۋابكار قاماپ قويغان ياكى جاۋابكارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا تۇرغان كىشىنى جىسمانىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىن قەستەن زور زەخمىگە ئۇچرىتىشنى كۆرسىتىدۇ؛ لېكىن، «قىيىن – قىستاققا ئېلىش» نوقۇل قانۇنىي جازا سەۋەبلىك مەيدانغا كەلگەن، ياكى شۇ خىل قانۇنىي جازانىڭ تەركىبىي قىسمى ياكى تۇرى بولغان ئازابنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى كېرەك؛
6) «مەجبۇرىي ھامىلدارلىق» ھەرقانداق نوپۇسنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىسىغا تەسىر يەتكۈزۈش ياكى خەلقئارا قانۇنغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپ باشقا قىلمىشلارنى قىلىش نىيىتىدە، ھامىلدار بولۇشقا مەجبۇرلانغان ئايالنى قانۇنسىز قاماپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر ئېنىقلىمىنى ھەرقانداق شەكىلدە دۆلەت ئىچىدىكى ھامىلدارلىق (تۇغۇت)قا ئالاقىدار قانۇنغا تەسىر يەتكۈزۈش دەپ ئىزاھلاشقا بولمايدۇ؛
7) «زىيانكەشلىك قىلىش» خەلقئارا قانۇننىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، مەلۇم بىر گۇرۇپ ياكى كوللېكتىپنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا، ئاساسىي ھوقۇقىنى قەستەن ۋە ئېغىر دەرىجىدە تارتىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ؛
8) «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق جىنايىتى» بىر ئىرقىي گۇرۇپپىنىڭ باشقا بىر ياكى كۆپلىگەن ئىرقىي گۇرۇپپىغا قارىتا، پىلانلىق زۇلۇم ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان سىستېمىلاشقان تۈزۈم ئاستىدا، مەزكۇر تۈزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا

كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە، خاراكتېرى 1 – تارماقتا بايان قىلىنغان قىلمىشلارغا ئوخشايدىغان، ئىنسانىيلىققا زىت قىلمىشلارنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ؛
9) «كىشىلەرنى يوقاپ كېتىشكە مەجبۇرلاش» دۆلەت ياكى سىياسىي تەشكىلات بىۋاستە ياكى شۇ دۆلەت – سىياسىي تەشكىلاتنىڭ ماقۇللۇقى، قوللىشى، سۈكۈت قىلىشى ئاستىدا، كىشىلەرنى قولغا ئېلىش، قاماپ قويۇش ياكى گۆرۈگە ئېلىش، ئاندىن بۇ خىل (باشقىلارنى) ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش قىلمىشىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىماسلىق؛ ياكى ئالاقىدار كىشىنىڭ تەقدىرى، ئاقىۋىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشكە ئۇنىماي، ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت قانۇننىڭ قوغدىشىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.
3. مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ نىشانىغا كۆرە، «جىنس» ئىبارىسى جەمئىيەتتىكى ئەر – ئايالدىن ئىبارەت ئىككى جىنس دەپ چۈشىنىلىشى كېرەك. «جىنس» سۆزى پەقەت يۇقىرىقى مەنىنىلا ئىپادىلەيدۇ.

## سەككىزىنچى ماددا

## ئۇرۇش جىنايىتى

1. مەھكىمە ئۇرۇش جىنايىتىگە قارىتا، بولۇپمۇ مەلۇم بىر تۈرلۈك پىلان ياكى سىياسەتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئىجرا قىلىنغان قىلمىشلارغا قارىتا، ياكى مۇشۇ جىنايەتلەر داۋامىدا قىلىنغان قىلمىشلارنى كەڭ كۆلەمدە سادىر قىلىش قىلمىشىغا قارىتا سوتلاش ھوقۇقىغا ئىگە،
2. مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ نىشانىغا كۆرە، «ئۇرۇش جىنايىتى» شۇلارنى كۆرسىتىدۇ:
1) 1949 – يىلى 8 – ئاينىڭ 12 – كۈنىدىكى «جەنۋە ئەھدىنامىسى»غا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپ قىلمىشلار، يەنى شۇ «جەنۋە ئەھدىنامىسى»دە قوغدىلىشى بەلگىلەنگەن ئادەم ياكى مال – مۈلۈككە قارىتا تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ ھەرقانداق بىرىنى قىلىش:
(1) قەستەن ئۆلتۈرۈۋېتىش؛
(2) قىيىن – قىستاققا ئېلىش ياكى بىئولوگىيەلىك تەجرىبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنسانىيلىققا زىت مۇئامىلىلەرنى قىلىش؛
(3) بەدەن ياكى سالامەتلىكنى قەستەن ئېغىر ئازابقا ياكى زەخمىگە ئۇچرىتىش؛
(4) ھەربىي زۆرۈرىيەت بولمىسىمۇ، قانۇنسىز ۋە ئۆز مەيلىچە، كەڭ كۆلەمدە مال – مۈلۈكنى ئىگىلىۋېلىش؛
(5) بىر ئۇرۇش ئەسىرىنى ياكى قوغدىلىۋاتقان باشقا شەخسنى دۈشمەن دۆلەتنىڭ قوشۇنىدا خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلاش؛
(6) بىر ئۇرۇش ئەسىرىنىڭ ياكى قوغدىلىۋاتقان باشقا شەخسنىڭ ئادىل ۋە نورمال سوتقا تارتىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىشى؛
(7) قانۇنغا زىت ھالدا سۈرگۈن قىلىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ياكى قاماپ قويۇش؛
(8) گۆرۈگە ئېلىش؛
2) خەلقئارا قانۇندا بېكىتىلگەن دائىرە ئىچىدىكى خەلقئارالىق قوراللىق توقۇنۇشقا تەدبىقلىغىلى بولىدىغان قانۇن – نىزام ۋە ئادەتلەرگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپ باشقا قىلمىشلار، يەنى تۆۋەندىكى ھەرقانداق بىر قىلمىش:
(1) توقۇنۇشقا بىۋاستە قاتناشمىغان قىسمەن پۇقرالارغا ياكى پۇقرا نوپۇسقا قەستەن ھۇجۇم قىلىش؛
(2) ھەربىي نىشان بولمىغان، پۇقراۋى جىسىملارغا ھۇجۇم قىلىش؛
(3) خەلقئارا قوراللىق توقۇنۇش قانۇنىدا پۇقرالارغا ۋە پۇقراۋى بۇيۇملارغا بېرىلگەن قوغداشتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان مۇددەتتە، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر نىزامنامىسى»گە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان ئىنسانىي ياردەم ياكى تىنچلىقنى قوغداش ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار خادىم، ئەسلىھە، ئەشيا، بىرلىك ياكى ماشىنىلارغا قەستەن ھۇجۇم قىلىش؛

(4) ھۇجۇمنىڭ پۇقرالارنىڭ ئۆلۈم – يېتىمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، ياكى پۇقراۋى بۇيۇملارنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغانلىقىنى، ياكى تەبىئىي مۇھىتنى كەڭ كۆلەملىك، ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغانلىقىنى، بۇ خىل بۇزغۇنچىلىقنىڭ دەرىجىسىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلمەكچى بولغان كونكرېت ۋە بىۋاستە، ئومۇمىي ھەربىي مەنپەئەتتىن كۆرۈنەرلىك ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن ئەھۋالدا قەستەن ھۇجۇم قوزغاش؛

(5) ھەربىي نىشان بولمىغان، مۇداپىئەسىز شەھەر – بازار، كەنت، تۇرالغۇ ياكى ئىمارەتلەرگە ھەرقانداق ۋاستە بىلەن ھۇجۇم قىلىش ياكى بومباردىمان قىلىش؛

(6) قورالىنى تاشلىغان ياكى ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، شۇنداقلا شەرتسىز تەسلىم بولغان جەڭچىنى ئۆلتۈرۈش، يارىلاندۇرۇش؛

(7) ئۇرۇش توختىتىش بايرىقىنى، دۈشمەن تەرەپنىڭ ياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بايرىقىنى، ياكى ھەربىي بەلگىلەر ۋە فورمىلارنى، شۇنداقلا «جەنۋە ئەھدىنامىسى»دە بېكىتىلگەن ئالاھىدە بەلگىلەرنى نامۇۋاپىق قوللىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش ياكى ئېغىر يارىلىنىشىغا سەۋەبچى بولۇش؛

(8) ئىشغالچى دۆلەتنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ نوپۇسىنى ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ھالدا ئىشغال قىلىنىۋالغان زېمىنغا يۆتكىشى ياكى ئىشغال قىلىنغان زېمىننىڭ پۈتۈن ياكى قىسمەن پۇقراسىنى ئىشغال قىلىنغان زېمىننىڭ ئىچى ياكى سىرتىدىكى جايلارغا قوغلىۋېتىشى ياكى كۆچۈرۈۋېتىشى؛

(9) دىن، مائارىپ، سەنئەت، ئىلىم – پەن ياكى ساخاۋەت ئىشلىرىغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئىمارەت، تارىخىي يادنامە، دوختۇرخانا ۋە يارىدارلارنى يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىغا قەستەن ھۇجۇم قىلىش، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ ھەربىي نىشان بولۇشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا؛

(10) مېدىتسىنا، چىش مېدىتسىناسى ياكى ئالاقىدار كىشىلەرنى دوختۇرخانىدا داۋالاش سەۋەبلىرىنى ھازىرلىمىغان ئەھۋالدا، دۈشمەن تەرەپنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىمىگەن ھالدا، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمگە يول ئاچىدىغان ياكى سالامەتلىكىنى جىددىي خەتەرگە ئۇچرىتىدىغان ھەرقانداق تۈردىكى تىببىي ياكى پەننىي تەجرىبە ئىشلەش ياكى جىسمانىي جەھەتتىن مەجرۇھ قىلىپ قويۇش؛

(11) دۈشمەن دۆلەت ياكى شۇلارنىڭ قوشۇنىغا تەۋە شەخسلەرنى نامەردلەرچە ئۆلتۈرۈش ياكى يارىلاندۇرۇش؛

(12) تەسلىمنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش؛

(13) جەڭگە ئالاقىدار زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋالدا، دۈشمەن تەرەپنىڭ مال – مۈلكىنى ۋەيران قىلىش ياكى مۇسادىرە قىلىش؛

(14) دۈشمەن تەرەپ پۇقرالىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە دەۋا ھوقۇقىنى بىكار قىلغانلىقىنى ياكى توختاتقانلىقىنى جاكارلاش، ياكى سوتتا بۇ ھوقۇقلارنى ئىجرا قىلماسلىق؛

(15) دۈشمەن تەرەپنىڭ پۇقرالىرى ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ قوشۇنىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى ئۆز دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا مەجبۇرلاش؛

(16) تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن قولغا ئالغان شەھەر – بازار ياكى يەرلەرنى بۇلاپ – تالاش؛

(17) زەھەرلىك بۇيۇم ياكى زەھەرلىك قورال ئىشلىتىش؛

(18) تۇنجۇقتۇرغۇچى، زەھەرلىك ياكى باشقا گازلارنى، شۇنداقلا شۇ تىپتىكى سۇيۇقلۇق، ماددا ياكى زاپچاسلارنى ئىشلىتىش؛

(19) تاشقى قېپى قاتتىق، ئەمما ئوق ئۆزىكىنى تولۇق ئورىيالمايدىغان ياكى يېرىپ بۆلۈنىدىغان ئوقلارغا ئوخشاش ئىنسان بەدىنىدە يوغىناپ كېتىدىغان ياكى ياپىلاقلىشىدىغان ئوقنى ئىشلىتىش؛

(20) خەلقئارا قوراللىق توقۇنۇش قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، دەرىجىدىن تاشقىرى زىيان ياكى ئازابقا سەۋەب بولىدىغان ياكى ئاساسەن قالايمىقان ئۆلتۈرۈپ، قالايمىغان يارىلاندۇرىدىغان قورال، ئوق، ئەسلىھە ۋە ئۇرۇش مېتودىنى ئىشلىتىش؛ لېكىن بۇ قورال، ئوق، ئەسلىھە ۋە ئۇرۇش مېتودى ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەنگەن بولۇشى،

شۇنداقلا 121 – ۋە 123 – ماددىلارنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، بىر تۈرلۈك تۈزىتىش لايىھەسى سۇپىتىدە مەزكۇر ئەھدىنامىدىكى بىر قوشۇمچە ھۆججەتكە كىرگۈزۈلگەن بولۇشى كېرەك؛
(21) شەخسىي غۇرۇرنى دەپسەندە قىلىش، بولۇپمۇ ھاقارەتلىك مۇئامىلىدە بولۇش؛
(22) باسقۇنچىلىق قىلىش، جىنسىي قۇل قىلىش، ئىپپىتىنى سېتىشقا مەجبۇرلاش، 7 – ماددا 2 – تارماق 6 – تۈردە دائىرىسى بېكىتىلگەن مەجبۇرىي ھامىلدارلىق، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ياكى «جەنۋە ئەھدىنامىسى»غا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان باشقا ھەرقانداق شەكىلدىكى جىنسىي زوراۋانلىق؛
(23) پۇقرالارنى ياكى باشقا قوغدالغۇچى خادىملارنى مەلۇم بىر جايغا، رايونغا ياكى ھەربىي قىسىمغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ مەزكۇر جاي، رايون ۋە ھەربىي قىسىمنى ھەربىي ھۇجۇمدىن ساقلاپ قېلىش؛
(24) خەلقئارا قانۇنغا ئاساسەن «جەنۋە ئەھدىنامىسى»دە بېكىتىلگەن ئالاھىدە بەلگىلەرنى ئىشلەتكەن ئىمارەت، ئەسلىھە، تىببىي بىرلىك ياكى ترانسپورت قوراللىرى ۋە خادىملارغا بىلىپ تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىش؛
(25) پۇقرالارغا قەستەن ئۇزۇق – تۈلۈك بەرمەسلىكنى جەڭ ئۇسۇلى قىلىپ، پۇقرالارنى «جەنۋە ئەھدىنامىسى»دە تەمىنلىنىشى بەلگىلەنگەن قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشتا كېرەكلىك نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەيدىغان قىلىپ قويۇش؛
(26) 15 ياشقا توشمىغان بالىلارنى دۆلەتلىك قوراللىق قىسىمغا قوبۇل قىلىش ياكى ئۇلارنى دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىگە پائال قاتناشتۇرۇش؛
3) غەيرىي خەلقئارالىق قوراللىق توقۇنۇشلاردا، 1949 – يىلى 8 – ئاينىڭ 12 – كۈنىدىكى تۆت تۈرلۈك «جەنۋە ئەھدىنامىسى»نىڭ ئورتاق 3 – ماددىسىغا ئېغىر خىلاپ قىلمىشلار، يەنى قورالىنى تاشلىغان قوراللىق قىسىم خادىملىرى، شۇنداقلا ئاغرىپ قېلىش، يارىلىنىش ياكى باشقا ھەرقانداق سەۋەبلەر تۈپەيلى جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەلىي دۈشمەنلىك ھەرىكىتىگە قاتناشمىغان كىشىلەرگە قارىتا تۆۋەندىكى قىلمىشلاردىن ھەرقانداق بىرىنى سادىر قىلىش:
(1) ھاياتلىق ۋە بەدەنگە زوراۋانلىق ئىشلىتىش، بولۇپمۇ ھەرخىل ئۆلتۈرۈش، ناكا قىلىش، خورلاش ۋە قىيىن – قىستاققا ئېلىش؛
(2) شەخسىي غۇرۇرنى دەپسەندە قىلىش، بولۇپمۇ ھاقارەتلىك مۇئامىلىدە بولۇش؛
(3) تۇتقۇن قىلىش؛
4) 2- تارماقنىڭ 3 – تۈرى غەيرىي خەلقئارالىق قوراللىق توقۇنۇشلارغا تەدبىقلىنىدىغان بولۇپ، توپىلاڭ، يەككە ۋە تارقاق زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ۋە خاراكتېرى ئوخشاش باشقا ھەرىكەتلەر دېگەندەك ئىچكى قالايمىقانچىلىق ۋە جىددىي ۋەزىيەتكە تەدبىقلانمايدۇ.
5) خەلقئارا قانۇندا بېكىتىلگەن دائىرىدىكى غەيرىي خەلقئارالىق قوراللىق توقۇنۇشلارغا تەدبىقلىنىدىغان قانۇن – نىزام ۋە ئادەتلەرگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپ باشقا قىلمىشلار، يەنى تۆۋەندىكىلەردىن ھەرقانداق بىرى:
(1) توقۇنۇشقا بىۋاستە قاتناشمىغان قىسمەن پۇقرالارغا ياكى پۇقرا نوپۇسقا قەستەن ھۇجۇم قىلىش؛
(2) خەلقئارا قانۇنغا ئاساسەن «جەنۋە ئەھدىنامىسى»دە بېكىتىلگەن ئالاھىدە بەلگىلەرنى ئىشلەتكەن ئىمارەت، ئەسلىھە، تىببىي بىرلىك ياكى ترانسپورت قوراللىرى ۋە خادىملارغا بىلىپ تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىش؛
(3) خەلقئارا قوراللىق توقۇنۇش قانۇنىدا پۇقرالارغا ۋە پۇقراۋى بۇيۇملارغا بېرىلگەن قوغداشتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان مۇددەتتە، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر نىزامنامىسى»گە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان ئىنسانىي ياردەم ياكى تىنچلىقنى قوغداش ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار خادىم، ئەسلىھە، ئەشيا، بىرلىك ياكى ماشىنىلارغا قەستەن ھۇجۇم قىلىش؛
(4) دىن، مائارىپ، سەنئەت، ئىلىم – پەن ياكى ساخاۋەت ئىشلىرىغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئىمارەت، تارىخىي يادنامە، دوختۇرخانا ۋە يارىدارلارنى يىغىۋېلىش ئورنىغا قەستەن ھۇجۇم قىلىش، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ ھەربىي نىشان بولۇشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا؛

(5) تۆيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن قولغا ئالغان شەھەر – بازار ياكى يەرلەرنى بۇلاپ – تالاش؛
(6) باسقۇنچىلىق قىلىش، جىنسىي قۇل قىلىش، ئىپپىتىنى سېتىشقا مەجبۇرلاش، 7 – ماددا 2 – تارماق 6 –تۈردە دائىرىسى بېكىتىلگەن مەجبۇرىي ھامىلدارلىق، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ياكى تۆت تۈرلۈك «جەنۋە ئەھدىنامىسى»نىڭ ئورتاق 3 – ماددىسىغا ئېغىر خىلاپ قىلمىشى شەكىللەندۈردىغان باشقا ھەرقانداق شەكىلدىكى جىنسىي زوراۋانلىق؛
(7) 15 ياشقا توشمىغان بالىلارنى دۆلەتلىك قوراللىق قىسىمغا قوبۇل قىلىش ياكى ئۇلارنى دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىگە پائال قاتناشتۇرۇش؛
(8) توقۇنۇشقا ئالاقىدار سەۋەبلەرگە ئاساسەن پۇقرالارنى كۆچۈشكە بۇيرۇش، لېكىن ئالاقىدار پۇقرالارنىڭ بىخەتەرلىكى ياكى تەخىرسىز ھەربىي سەۋەبلەر تۈپەيلى (يۆتكىرىدەك كۆچۈرۈش) زۆرۈرىيەت بولغان ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا؛
(9) دۈشمەن دۆلەت ياكى شۇلارنىڭ قوشۇنىغا تەۋە شەخسلەرنى نامەردلەرچە ئۆلتۈرۈش ياكى يارىلاندۇرۇش؛
(10) تەسلىمنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدىغانلىقنى ئېلان قىلىش؛
(11) مېدىتسىنا، چىش مېدىتسىناسى ياكى ئالاقىدار كىشىلەرنى دوختۇرخانىدا داۋالاش سەۋەبلىرىنى ھازىرلىمىغان ئەھۋالدا، دۈشمەن تەرەپنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىمىگەن ھالدا، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە يول ئاچىدىغان ياكى سالامەتلىكىنى جىددىي خەتەرگە ئۇچرىتىدىغان ھەرقانداق تۈردىكى تىببىي ياكى پەننىي تەجرىبە ئىشلەش ياكى جىسمانىي جەھەتتىن مەجرۇھ قىلىپ قويۇش؛
(12) توقۇنۇشقا ئالاقىدار زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋالدا، دۈشمەن تەرەپنىڭ مال – مۈلكىنى ۋەيران قىلىش ياكى مۇسادىرە قىلىش؛
6) 2- تارماقنىڭ 5 – تۈرى غەيرىي خەلقئارالىق قوراللىق توقۇنۇشلارغا تەدبىقلىنىدىغان بولۇپ، توپىلاڭ، يەككە ۋە تارقاق زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ئوخشاش خاراكتېرى ئوخشاش باشقا ھەرىكەتلەر دېگەندەك ئىچكى قالايمىقانچىلىق ۋە جىددىي ۋەزىيەتكە تەدبىقلانمايدۇ. مەزكۇر بەلگىلىمە بىر دۆلەتتە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەشكىللىك قوراللىق گۇرۇھلار بىلەن، ياكى مۇشۇ گۇرۇھلار ئۆزئارا ئۇزۇن مۇددەت قوراللىق توقۇنۇشقان ئەھۋالدا، شۇ دۆلەتنىڭ چېگراسى ئىچىدە يۈز بەرگەن قوراللىق توقۇنۇشقا تەدبىقلىنىدۇ.
3. 2- تارماقنىڭ 3- ۋە 5 – تۈردىكى ھەرقانداق بەلگىلىمە بىر دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق قانۇنلۇق ۋاستىلەر ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى قانۇن ۋە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، ياكى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

## توققۇزىنچى ماددا

## جىنايەت ئامىللىرى

1. مەھكىمە 6-، 7- ۋە 8 – ماددىلارنى شەرھلىگەن ۋە تەدبىقلىغاندا، «جىنايەت ئامىللىرى»نى قوشۇمچە قىلىشى كېرەك. «جىنايەت ئامىللىرى» ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيىدا ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەك ئەزانىڭ ئاۋازىغا ئېرىشىشى كېرەك.
2. تۆۋەندىكى ھەرقايسى تەرەپلەر «جىنايەت ئامىللىرى»گە قارىتا تۈزىتىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ:
1) ئەھدىنامە تۈزگۈچى ھەرقانداق دۆلەت؛
2) سوتچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى؛
3) تەپتىش ئەمەلدارى؛

تۈزتىش لايىھەسى ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيىدا ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەك ئەزانىڭ ئاۋازىغا ئېرىشىشى كېرەك.
3. «جىنايەت ئامىللىرى» ۋە ئۇنىڭ تۈزىتىش لايىھەلىرى مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك.

ئونىنچى ماددا

مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ نىشانىغا ئۇيغۇن بولغانىدىن سىرت، بۇ بۆلۈمدىكى ھەرقانداق بەلگىلىمىنى ھازىرقى ياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان خەلقئارا قانۇننى چەكلەش ياكى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈش دەپ ئىزاھلاشقا بولمايدۇ.

ئون بىرىنچى ماددا

زامان نۇقتىسىدىن سوتلاش ھوقۇقى

1. مەھكىمە پەقەت مەزكۇر ئەھدىنامە كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن سادىر بولغان جىنايەتلەرگە قارىتا سوتلاش ھوقۇقىغا ئىگە.
2. مەزكۇر ئەھدىنامە كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتكە ئايلانغان دۆلەتلەرگە قارىتا، مەھكىمە پەقەت مەزكۇر ئەھدىنامە شۇ دۆلەتتە كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن سادىر بولغان جىنايەتلەرگە قارىتا سوتلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدۇ، شۇ دۆلەت 12 – ماددىنىڭ 3 – تۈرىگە بىنائەن بايانات تاپشۇرغان ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

ئون ئىككىنچى ماددا

سوتلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى

1. بىر دۆلەت مەزكۇر ئەھدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەتكە ئايلانغاندىن كېيىن، مەھكىمىنىڭ 5 – تارماقتا بايان قىلىنغان جىنايەتلەرگە قارىتا باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ.
2. 13 – ماددىنىڭ 1- ۋە 3 – تۈردىكى ئەھۋاللارغا قارىتا، تۆۋەندىكى بىر ياكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر مەزكۇر ئەھدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەت بولسا ياكى 3 – تارماقتا ئاساسەن مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسا، مەھكىمە ئۇنىڭغا قارىتا سوتلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدۇ.
1) ئالاقىدار قىلمىش ئۆز چېگراسى ئىچىدە يۈز بەرگەن دۆلەت؛ ئەگەر جىنايەت پاراخوت ياكى ئايروپىلاندا يۈز بەرگەن بولسا، شۇ پاراخوت ياكى ئايروپىلان تىزىمغا ئالدۇرۇلغان دۆلەت؛
2) جىنايەت جاۋابكارىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى قاراشلىق دۆلەت.
3. ئەگەر 2 – تارماقنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مەزكۇر ئەھدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەتلەرنىڭ سىرتىدىكى بىر دۆلەتنىڭ مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشىغا ئېھتىياج تۇغۇلسا، شۇ دۆلەت باش پۈتۈكچىگە بايانات تاپشۇرۇپ، مەھكىمىنىڭ ئالاقىدار جىنايەتكە قارىتا سوتلاش ھوقۇقىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ. مەزكۇر قوبۇل قىلغۇچى دۆلەت مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ 9 – بۆلۈمىنىڭ ئەھدىنامىسىگە ئاساسەن، كېچىكتۈرمەي، شۇنداقلا ئىستىسناسىز ھالدا مەھكىمە بىلەن ھەمكارلىشىشى كېرەك.

ئون ئۈچىنچى ماددا

سوتلاش هوقۇقنى يۆرگۈزۈش

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا، مەھكىمە مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، 5 – ماددىدا بايان قىلىنغان جىنايەتلەرگە قارىتا سوتلاش هوقۇقنى يۈرگۈزسە بولىدۇ:

1. ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر 14 – ماددىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، تەپتىش ئەمەلدارىغا بىر ياكى كۆپلىگەن جىنايەتنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرسە؛

2. خەۋپسىزلىك كېڭىشى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر نىزامنامىسى»نىڭ 7 – بابىغا كۆرە ھەرىكەت قىلىپ، تەپتىش ئەمەلدارىغا بىر ياكى كۆپلىگەن جىنايەتنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرسە؛

3. تەپتىش ئەمەلدارى 15 – ماددىغا ئاساسەن بىر جىنايەتنى تەكشۈرۈشنى باشلىسا.

ئون تۆتىنچى ماددا

ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر تەرىپىدىن مەلۇم بىر ئەھۋالنىڭ بىلدۈرۈلۈشى

1. ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر تەپتىش ئەمەلدارىغا بىر ياكى كۆپ جىنايەتنىڭ يۈز بەرگەنلىك ئەھۋالنى بىلدۈرۈپ، مەلۇم بىر ياكى بىر بۆلۈك ئادەمنى شۇ جىنايەتلەرنى قىلغان دەپ شىكايەت قىلىش – قىلماسلىق توغرىسىدا قارار چىقىرىش ئۈچۈن تەپتىش ئەمەلدارىدىن مەزكۇر ئەھۋالنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

2. ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندا ئالاقىدار ھالقىلارنى ئىمكانقەدەر كونكرېت بايان قىلىش، شۇنداقلا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان دۆلەت ئىگىلىگەن ھەرقانداق قوشۇمچە ھۆججەتنى قوشۇپ تاپشۇرۇشى كېرەك.

ئون بەشىنچى ماددا

تەپتىش ئەمەلدارى

1. تەپتىش ئەمەلدارى مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇش هوقۇقى تەۋەلىكىدىكى جىنايەتكە ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئۆز ئالدىغا تەكشۈرۈشنى باشلىسا بولىدۇ.

2. تەپتىش ئەمەلدارى ئۆزى تاپشۇرۇۋالغان ماتېرىياللارنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسىنى تەھلىل قىلىشى كېرەك. شۇ مەقسەت ئۈچۈن، تەپتىش ئەمەلدارى دۆلەتلەردىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاپپاراتىدىن، ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلاردىن ياكى غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىدىن، ياكى تەپتىش ئەمەلدارى مۇۋاپىق دەپ قارىغان باشقا ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ، شۇنداقلا مەھكىمە تۇرۇشلۇق جايدا يازمىچە ياكى ئاغزاكى ئىسپات ئالسا بولىدۇ.

3. ئەگەر تەپتىش ئەمەلدارى تەكشۈرۈشكە مۇۋاپىق ئاساس بار دەپ قارىسا، تەييارلىق سوتتىن تەكشۈرۈشكە هوقۇق بېرىشنى تەلەپ قىلىشى، شۇنداقلا (مەزكۇر تەلەپكە) ئۆزى توپلىغان ھەرقانداق قوشۇمچە ماتېرىيالنى قوشۇپ تاپشۇرۇشى كېرەك. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى»غا ئاساسەن تەييارلىق سوتقا ئەھۋال بايان قىلسا بولىدۇ.

4. تەييارلىق سوت ئىلتىماس ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللارغا قاراپ چىقىپ، ئەگەر تەكشۈرۈشكە مۇۋاپىق ئاساس بار دەپ قارىسا، شۇنداقلا دېلونى مەھكىمىنىڭ سوتلاش هوقۇقى دائىرىسىدىكى دېلو دەپ قارىسا، تەكشۈرۈشكە هوقۇق بېرىشى كېرەك. بۇ مەھكىمىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن دېلونىڭ سوتلاش هوقۇقى ۋە ئەرز قوبۇل قىلىشچانلىقى مەسىلىسىدە قارار چىقىرىشقا توسالغۇ بولمايدۇ.

5. تەييارلىق سوت تەكشۈرۈشكە هوقۇق بەرمىسە، تەپتىش ئەمەلدارى كېيىنچە يېڭى پاكىت ۋە دەلىللەرگە

ئاساسەن ئەينى مەسىلە توغرىسىدا قايتىدىن ئىلتىماس سۇنسا بولىدۇ.

6. تەپتىش ئەمەلدارى 1 ـ ۋە 2 ـ تارماقتا بايان قىلىنغان دەسلەپكى تەكشۈرۈشلەرنى قىلغاندىن كېيىن، تەمىنلەنگەن ماتېرىيال (دېلونى) تەكشۈرۈشكە ئاساس بولالمايدۇ دەپ قارىسا، بۇ ئەھۋالنى شۇئان ماتېرىيال تەمىنلىگۈچىگە بىلدۈرۈشى كېرەك. بۇ تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئەينى ئەھۋالغا ئالاقىدار يېڭى پاكىت ۋە دەلىللەر ئاساسىدا ئۆزىگە يېتىپ كەلگەن يېڭى ئۇچۇرلارغا قاراپ چىقىشىغا توسالغۇ بولمايدۇ.

## ئون ئالتىنچى ماددا

## تەكشۈرۈش ياكى ئەيىبلەشنى كېچىكتۈرۈش

ئەگەر خەۋپسىزلىك كېڭىشى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى»نىڭ 7 – بابىغا ئاساسەن قارار ماقۇللاپ، مەھكىمىگە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويسا، شۇنىڭدىن كېيىنكى 12 ئاي ئىچىدە مەھكىمە مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئاساسەن تەكشۈرۈش ياكى ئەيىبلەشنى باشلىسا ياكى ئېلىپ بارسا بولمايدۇ؛ خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئەينى شەرتكە ئاساسەن مەزكۇر تەلەپنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتسا بولىدۇ.

## ئون يەتتىنچى ماددا

## ئەرز قوبۇل قىلىشچانلىق مەسىلىسى

1. كىرىش سۆزنىڭ 10 – تۈرى ۋە 1 – ماددىغا ئاساسەن، مەھكىمە تۆۋەندىكى ئەرزلەرنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ:

1) دېلوغا قارىتا سوتلاش ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت مەزكۇر دېلونى تەكشۈرۈۋاتقان ياكى ئەيىبلەۋاتقان بولسا.

مەزكۇر دۆلەت ھەقىقىي تۈردە دېلونى تەكشۈرەلمىگەن ياكى ئەيىبلىمىگەن ياكى شۇنداق قىلىشنى خالىمىغان ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

2) دېلوغا قارىتا سوتلاش ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت مەزكۇر دېلونى تەكشۈرگەن، شۇنداقلا ئالاقىدار كىشىنى ئەيىبلىمەسلىكنى قارار قىلغان بولسا.

مەزكۇر دۆلەتنىڭ بۇ قارارنى چىقىرىشىغا بۇ دۆلەتنىڭ جاۋابكارنى ھەقىقىي تۈردە ئەيىبلىيەلمىگەنلىكى ياكى شۇنداق قىلىشنى خالىمىغانلىقى سەۋەب بولغان ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

3) ئالاقىدار شەخس شىكايەت قىلىنغان مەسىلە سەۋەبلىك ئىلگىرى سوتلانغان بولسا، 20 – ماددىنىڭ 3 – تۈرىغا ئاساسەن، مەھكىمە بۇ دېلونى سوتلىسا بولمايدۇ.

4) دېلو مەھكىمە ھەرىكەت قوللانغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر بولمىسا.

2. مۇئەييەن بىر دېلودا خالىماسلىق (ئىستەكسىزلىك) بار – يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن، مەھكىمە خەلقئارا قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان پىرىنسىپلارغا تايىنىپ تۆۋەندىكى بىر ياكى بىر قانچە خىل ئەھۋالنىڭ شۇ ئىشتا مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىنى نەزەرگە ئالىدۇ:

1) ئالىلقاچان تاماملانغان ياكى شۇ تاپتا داۋاملىشىۋاتقان دەۋا تەرتىپى، ياكى مەلۇم بىر دۆلەت چىقارغان قارار ئالاقىدار كىشىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنى 5 – ماددىدا بايان قىلىنغان، مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە سېلىشتىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بولسا؛

2) دەۋا تەرتىپى ئورۇنسىز كېچىكىپ كەتسە، ئەمما ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن بۇ خىل كېچىكىش ئالاقىدار كىشىنى قانۇنىي جازاغا تارتىش مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن كەلمىسە؛

3) ئالىلقاچان تاماملانغان ياكى شۇ تاپتا داۋاملىشىۋاتقان دەۋا تەرتىپى مۇستەقىل ۋە ئادىل ئۇسۇلدا ئېلىپ

بېرىلمىغان بولسا، ئەمما ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن بۇ خىل كېچىكىش ئالاقىدار كىشىنى قانۇنىي جازاغا تارتىش مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن كەلمىسە؛

3. مۇئەييەن بىر دېلودا ئىمكانسىزلىقنىڭ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن، مەھكىمە بىر دۆلەتنىڭ شۇ دۆلەتتىكى ئەدلىيە سىستېمىسىنىڭ پۈتۈنلەي يىمىرىلگەنلىكى، ياكى ئەمەلىيەتتە يىمىرىلگەنلىكى ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكى سەۋەبلىك جاۋابكارنى قولغا ئالالمىغانلىق ياكى زۆرۈر دەلىل - ئىسپات ۋە گۇۋاھلىق سۆزى ئالالمىغانلىق، ياكى باشقا جەھەتلەردە شۇ دۆلەتنىڭ دەۋا تەرتىپىنى يۈرگۈزەلمىگەنلىك ئەھۋالى بار – يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك.

## ئون سەككىزىنچى ماددا

## ئەرز قوبۇل قىلىشچانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىش

1. بىر ۋەقە 13 – ماددىنىڭ 1- تۈرىگە بىنائەن مەھكىمىگە بىلدۈرۈلگەن ۋە تەپتىش ئەمەلدارى تەكشۈرۈش باشلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق دەلىل بار دەپ قارىغاندا، ياكى تەپتىش ئەمەلدارى 13 – ماددىنىڭ 3 – تۈرىگە ۋە 15 – ماددىغا ئاساسەن تەكشۈرۈشنى باشلىغاندا، تەپتىش ئەمەلدارى ئەھدىنامە تۈزگۈچى بارلىق دۆلەتلەرگە، شۇنداقلا ــــ ئېرىشكەن ئۇچۇرلارنى نەزەردە تۇتقاندا ــــ نورمال ئەھۋالدا ئالاقىدار جىنايەتكە قارىتا سوتلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان دۆلەتكە ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك.

تەپتىش ئەمەلدارى يۇقىرىقى دۆلەتلەرگە مەخپىيەتلىكنى ساقلىغان ئاساستا ئۇقتۇرۇش قىلسا بولىدۇ. ئەگەر تەپتىش ئەمەلدارى شەخسنى قوغداش، دەلىل – ئىسپاتلارنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى (گۇمانىدارنىڭ) قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارىسا، ھەرقايسى دۆلەتلەرگە بىلدۈرۈلىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ دائىرىسىنى تارايتسا بولىدۇ.

2. يۇقىرىقى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە، ئالاقىدار دۆلەتلەر 5 – ماددىدا بايان قىلىنغان جىنايەتلەرنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن بولغان، شۇنداقلا ئۆزى تاپشۇرۇۋالغان ئۇقتۇرۇشتا تەمىنلەنگەن ئۇچۇرغا ئالاقىدار جىنايى قىلمىشلارغا قارىتا، ئۆز دۆلەت پۇقرالىرىنى ياكى ئۆزىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى باشقا كىشىلەرنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى مەھكىمىگە ئۇقتۇرۇشى كېرەك. مەزكۇر دۆلەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تەپتىش ئەمەلدارى شۇ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار كىشىنى تەكشۈرۈپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك. تەييارلىق سوت تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن تەكشۈرۈشكە ھوقۇق بەرگەن ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

3. تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ بىر دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ساقلاش قارارى شۇ قارارنى چىقارغان كۈندىن باشلاپ ئالتە ئايدىن كېيىن، ياكى شۇ دۆلەتنىڭ ھەقىقىي تۈردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالمىغانلىقى ياكى تەكشۈرۈشنى خالىمىغانلىقى سەۋەبلىك ئەھۋالدا زور ئۆزگىرىش كۆرۈلگەن ھەرقانداق ۋاقىتتا تەپتىش ئەمەلدارى تەرىپىدىن قايتىدىن قاراپ چىقىلسا بولىدۇ.

4. تەييارلىق سوتنىڭ كېسىمىگە قارىتا، ئالاقىدار دۆلەت ياكى تەپتىش ئەمەلدارى 82 – ماددىغا ئاساسەن نارازىلىق ئەرزى سوتىغا نارازىلىق ئەرزى سۇنسا بولىدۇ. نارازىلىق ئەرزى تېزدىن تەرگەۋ قىلىنىشى كېرەك.

5. ئەگەر تەپتىش ئەمەلدارى 2 – تارماقتا ئاساسەن تەكشۈرۈشنىڭ تۈگىشىنى ساقلىسا، ئالاقىدار دۆلەتتىن تەكشۈرۈشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقانداق ئەيىبلەشلەرنى ئۆزگىچە قەرەللىك ھالدا بىلدۈرۈپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر بۇ جەھەتتىكى تەلەپلەرگە سەۋەبسىز كېچىكتۈرمەي جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك.

6. تەييارلىق سوت كېسىم چىقىرىشتىن ئىلگىرى، ياكى تەپتىش ئەمەلدارى مەزكۇر ماددىغا ئاساسەن تەكشۈرۈشنى ساقلاۋاتقان ھەرقانداق ۋاقىتتا، ئەگەر مۇھىم دەلىل - ئىسپاتقا ئېرىشىدىغان ئالاھىدە پۇرسەت كۆرۈلسە، ياكى (شۇ پۇرسەتتىن قولدىن بېرىپ قويغان تەقدىردە) شۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ ئىسپاتنى قايتا قولغا

كىرگۈزۈش ئاساسەن مۇمكىن بولمايدىغان بولسا، تەپتىش ئەمەلدارى تەييارلىق سوتقا بۇ ئىشقا ئىستىسنا سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، دەلىل ـ ئىسپاتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زۆرۈر تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشقا هوقۇق بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.
7. تەييارلىق سوتنىڭ مەزكۇر ماددىغا ئاساسەن چىقارغان كېسىمگە ئېتىراز بىلدۈرگەن دۆلەت 19 ـ ماددىغا ئاساسەن، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ مۇھىم پاكىتلارنى ئىگىلەشنى ياكى ئەھۋالدا مۇھىم ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكنى سەۋەب قىلىپ، ئەرزىنىڭ قوبۇل قىلىنىشچانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرسە بولىدۇ.

ئون توققۇزىنچى ماددا

سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتلاش هوقۇقىغا ياكى دېلونىڭ قوبۇل قىلىنىشچانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش

1. مەھكىمە ئۆزى تاپشۇرۇۋالغان ھەرقانداق دېلونى سوتلاش هوقۇقىغا ئىگە. مەھكىمە 17 – ماددىغا بىنائەن دېلونى قوبۇل قىلىش- قىلماسلىقنى ئۆز ئالدىغا بېكىتسە بولىدۇ.
2. تۆۋەندىكى ھەرقايسى تەرەپلەر 17 – ماددىدا بايان قىلىنغان سەۋەبلەرگە ئاساسەن دېلونىڭ قوبۇل قىلىنىشچانلىقىغا قارىتا ياكى مەھكىمىنىڭ سوتلاش هوقۇقىغا ئېتىراز بىلدۈرسە بولىدۇ:
1) جاۋابكار ياكى 58 – ماددىغا ئاساسەن قولغا ئېلىش بۇيرۇقى ياكى سوتقا چىقىش چاقىرىقنامىسى چىقىرىلغان ئادەم؛
2) دېلوغا قارىتا سوتلاش هوقۇقىغا ئىگە دۆلەت، دېلونى تەكشۈرۈپ بولغانلىقى ياكى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى، ياكى ئەيىبلەپ بولغانلىقى ياكى ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى سەۋەب قىلىپ ئېتىراز بىلدۈرسە؛ ياكى
3) 12 – ماددىغا ئاساسەن مەھكىمىنىڭ سوتلاش هوقۇقىنى قوبۇل قىلىشىغا ئېھتىياج تۇغۇلغان دۆلەت.
3، تەپتىش ئەمەلدارى مەھكىمىنى سوتلاش هوقۇقى ياكى ئەرزنىڭ قوبۇل قىلىنىشچانلىقى مەسىلىسىدە كېسىم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ. 13 – ماددىغا ئاساسەن ئىلتىماس سۇنغانلار ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى سوتلاش هوقۇقى ياكى ئەرزنىڭ قوبۇل قىلىنىشچانلىقىغا ئالاقىدار كۆز قاراشلىرىنى مەھكىمىگە سۇنسا بولىدۇ.
4. 2 – تارماقتا بايان قىلىنغان ھەرقانداق شەخس ياكى دۆلەتلەر بىر دېلونىڭ قوبۇل قىلىنسا بولىدىغان – بولمايدىغانلىقىغا ياكى مەھكىمىنىڭ سوتلاش هوقۇقىغا پەقەت بىر قېتىملا ئېتىراز بىلدۈرسە بولىدۇ. مەزكۇر ئېتىراز سوتلاش باشلىنىشتىن ئاۋۋال ياكى باشلانغاندا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەك. ئالاھىدە ئەھۋالدا، مەھكىمە كۆپ قېتىم ياكى سوتلاش باشلانغاندىن كېيىن ئېتىراز بىلدۈرۈشكە رۇخسەت قىلسا بولىدۇ. سوتلاش باشلانغاندا، ياكى مەھكىمىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن سوتلاش باشلانغاندىن كېيىن مەلۇم بىر دېلونىڭ قوبۇل قىلىنىشچانلىقىغا بىلدۈرۈلىدىغان ئېتىراز، پەقەت 17 – ماددىنىڭ 1- تارماق 3 – تۈرىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلسا بولىدۇ.
5. 2 – تارماقنىڭ 2 – ۋە 3 – تۈردە بايان قىلىنغان دۆلەتلەر ئېتىرازىنى ئىمكانقەدەر بالدۇر ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.
6. ئەرزنى جەزملەشتۈرۈشتىن ئىلگىرى، مەلۇم بىر دېلونى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان – بولمايدىغانلىقى ياكى مەھكىمىنىڭ سوتلاش هوقۇقى ھەققىدىكى ئېتىراز تەييارلىق سوتقا تاپشۇرۇلۇشى كېرەك. ئەرزنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، سوت كوللېگىيەسىگە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك. سوتلاش هوقۇقى ياكى دېلونىڭ قوبۇل قىلىنىشچانلىقىغا دائىر مەسىلىلەر ھەققىدە چىقىرىلغان كېسىمگە قارىتا، 82 – ماددىغا ئاساسەن نارازىلىق ئەرزى سوتقا نارازىلىق ئەرزى سۇنسا بولىدۇ.
7. ئەگەر ئېتىراز 2- ياكى 3- تارماقتا بايان قىلىنغان دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، مەھكىمە 17 ـ ماددىغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىلگىرى، تەپتىش ئەمەلدارى تەكشۈرۈشنى ۋاقىتىنچە

توختىتىپ تۇرۇشى كېرەك.

8. مەھكىمە كېسىم چىقىرىشتىن ئىلگىرى، تەپتىش ئەمەلدارى مەھكىمىنىڭ تۆۋەندىكى ئىشلارغا ھوقۇق بېرىشىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ:

1) 18- ماددا 6- تارماقتا بايان قىلىنغان زوراۋ تەكشۈرۈش باسقۇچلىرى ئۈچۈن؛

2) گۇۋاھچىنىڭ بايانى ياكى گۇۋاھلىق سۆزىنى ئېلىش، ياكى ئېتىراز بىلدۈرۈشتىن ئىلگىرىلا باشلانغان دەلىل - ئىسپات توپلاش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملاش ئۈچۈن؛

3) ھەر قايسى ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، تەپتىش ئەمەلدارى 58 - ماددىغا ئاساسەن قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چىقىرىلىشىنى تەلەپ قىلغان كىشىنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن.

9. ئېتىرازنىڭ بىلدۈرۈلۈشى تەپتىش ئەمەلدارى شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئېلىپ بارغان ھەرقانداق ھەرىكەتكە، ياكى مەھكىمە شۇنىڭدىن بۇرۇن چىقارغان ھەرقانداق بۇيرۇق ياكى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنىڭ ئىناۋەتلىكلىكىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

10. ئەگەر مەھكىمە 17 - ماددىغا ئاساسەن، مەلۇم بىر دېلونى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قارار چىقارغان بولسا، تەپتىش ئەمەلدارى، ئەسلىدە 17 - ماددىغا ئاساسەن دېلونى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ئاساس بولغان دەلىلنى ئاغدۇرىۋېتىدىغان يېڭى پاكىتلارنى بايقىغاندا، يۇقىرىقى قارارغا قايتىدىن قاراپ چىقىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

11. ئەگەر تەپتىش ئەمەلدارى 17 - ماددىدا بايان قىلىنغان ئىشلارنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈشنىڭ توختىتىشنى كۈتۈۋاتقان بولسا، ئالاقىدار دۆلەتلەردىن تەكشۈرۈش باسقۇچلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بۇ ماتېرىياللارنىڭ مەخپىيەتلىكى ساقلىنىشى كېرەك، تەپتىش ئەمەلدارى شۇنىڭدىن كېيىن تەكشۈرۈشنى قارار قىلغاندا، ئۆزى تەكشۈرۈشنى توختىتىشنى كۈتۈۋاتقان دۆلەتكە خەۋەر قىلىپ قويۇشى كېرەك.

## يىگىرمىنچى ماددا

## بىر جىنايەتنى ئىككى قېتىم سوتلىماسلىق

1. مەزكۇر ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن ئەھۋاللاردىن سىرت، مەھكىمە ئۆزى بىراۋنى شۇ سەۋەبلىك جىنايىتى بار ياكى جىنايىتى يوق دەپ ھۆكۈم قىلغان قىلمىش ئۈچۈن ئەينى ئادەمنى قايتىدىن سوتلىسا بولمايدۇ.

2. 5 - ماددىدا بايان قىلىنغان جىنايەتكە قارىتا، مەھكىمە تەرىپىدىن جىنايىتى بار ياكى جىنايىتى يوق دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان كىشىلەر، شۇ جىنايەت سەۋەبلىك باشقا سوت مەھكىمىسىدە سوتلانسا بولمايدۇ.

3. 6-، 7 – ۋە 8 - ماددىلاردا كۆرسىتىلگەن قىلمىشلارغا قارىتا، باشقا بىر سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن سوتلىنىپ بولغان ئادەم، ئەينى قىلمىش سەۋەبلىك مەھكىمىدە سوتلانسا بولمايدۇ، ئەسلىدىكى سوتنىڭ دەۋا تەرتىپىدە تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن بىرى بولغان ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا:

1) ئالاقىدار كىشىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنى مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قالماقچى بولغان بولسا؛ ياكى

2) سوت خەلقئارا قانۇن ئېتىراپ قىلغان قانۇنىي تەرتىپ پىرىنسىپى بويىچە، مۇستەقىل ياكى ئادىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلمىغان بولسا، شۇنداقلا ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، قوللىنىلغان ئۇسۇل ئالاقىدار كىشىنى قانۇنىي جازاغا تارتىش مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلمىسە؛

## يىگىرمە بىرىنچى ماددا

تەدبىقلىنىدىغان قانۇن

1. مەھكىمە تەدبىقلايدىغان قانۇنلار تەرتىپ بويىچە تۆۋەندىكىدەك:
1) ئالدى بىلەن، مەزكۇر ئەھدىنامە، «جىنايەت ئامىللىرى» ۋە مەھكىمىنىڭ «تەرتىپ ۋە دەلىل ـ ئىسپات نىزامى» تەدبىقلىنىدۇ؛
2) ئىككىنچىدىن، خەلقئارالىق قوراللىق توقۇنۇش قانۇنىدا بەلگىلەنگەن پىرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇۋاپىق كېلىشىم ۋە خەلقئارا قانۇننىڭ پىرىنسىپ – قائىدىلىرى ئەھۋالغا كۆرە تەدبىقلىنىدۇ؛
3) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قانۇنلارنى تەدبىقلاش مۇمكىن بولمىغاندا، مەھكىمە دۇنيادىكى ھەرقايسى قانۇن سىستېمىلىرىدىكى دۆلەت ئىچكى قانۇنلىرىنى، زۆرۈر تېپىلغاندا شۇ جىنايەتكە قارىتا سوتلاش ھوقۇقى يۈرگۈزىدىغان دۆلەتنىڭ دۆلەت ئىچكى قانۇنىدىن ئېرىشىلگەن ئومۇمىي قانۇن پىرىنسىپىنى تەدبىقلايدۇ. لېكىن بۇ پىرىنسىپلار مەزكۇر ئەھدىنامىگە، خەلقئارا قانۇنغا ۋە خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان قېلىپ – ئۆلچەملەرگە زىت بولماسلىقى كېرەك.
2. مەھكىمە ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ھۆكۈملىرىدە شەرھلەنگەن قانۇنىي پىرىنسىپ ۋە قائىدىلەرنى تەدبىقلىسا بولىدۇ.
3. مەزكۇر ماددىغا ئاساسەن قانۇنلارنى تەدبىقلاش ۋە شەرھلەش چوقۇم خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇققا ئۇيغۇن بولۇشى، شۇنداقلا 7 – ماددىنىڭ 3 – تۈرىدە بەلگىلەنگەن جىنس، ياش، ئىرق، تېرە رەڭگى، تىل، دىن ياكى ئېتىقاد، سىياسىي كۆز قاراش ۋە باشقا كۆز قاراشلار، ئېتنىك مەنبە، قەۋم، ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىش، بايلىق، تۇغۇلۇش ياكى باشقا سالاھىيەت قاتارلىقلارغا ئاساسەن ھەرقانداق شەكىلدە پايدىسىز پەرقلەندۈرۈلمەسلىكى كېرەك.

ئۈچىنچى بۆلۈم جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئۇل پىرىنسىپلىرى

يىگىرمە ئىككىنچى ماددا

قانۇندا بەلگىلەنمىگەن قىلمىش جىنايەت ھېسابلانمايدۇ

1. مەلۇم بىراۋنىڭ ئالاقىدار قىلمىشى يۈز بەرگەندە مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتنى شەكىللەندۈرگەندىلا، شۇ كىشى ئاندىن مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئاساسەن جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ.
2. جىنايەتلەرنىڭ ئېنىقلىمىسى چوقۇم ئەستايىدىل شەرھلىنىشى، قىياس بىلەن كېڭەيتىلمەسلىكى كېرەك. مەنا ئېنىق بولمىغان ئەھۋالدا، ئېنىقلىما توغرىسىدىكى شەرھ تەكشۈرۈلگۈچىگە، ئەرز قىلىنغۇچىغا ياكى جىنايەت ئارتىلغان كىشىگە پايدىلىق بولۇشى كېرەك.
3. مەزكۇر ماددا مەزكۇر ئەھدىنامىدىن باشقا خەلقئارا قانۇنغا بىنائەن ھەرقانداق بىر قىلمىشنى جىنايى قىلمىش دەپ بېكىتىشكە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

يىگىرمە ئۈچىنچى ماددا

قانۇندا بەلگىلەنمىگەن قىلمىشنى سادىر قىلغۇچى جازالانمايدۇ

مەھكىمە تەرىپىدىن جىنايەت ئارتىلغان كىشىنى پەقەت مەزكۇر ئەھدىنامە ئارقىلىقلا جازالاشقا بولىدۇ.

## يىگىرمە تۆتىنچى ماددا

## ئۆتمۈش سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ

1. بىراۋ مەزكۇر ئەھدىنامە كۈچكە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى قىلغان قىلمىشى سەۋەبلىك مەزكۇر ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ.
2. ئەگەر ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىشتىن ئىلگىرى، مەلۇم بىر دېلوغا تەدبىقلىنىدىغان قانۇندا ئۆزگىرىش بولغان بولسا، تەكشۈرۈلگۈچىگە، ئەرز قىلىنغۇچىغا ياكى جىنايەت ئارتىلغان كىشىگە نىسبەتەن پايدىلىق قانۇننى تەدبىقلاش كېرەك.

## يىگىرمە بەشىنچى ماددا

## شەخسنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى

1. مەھكىمە مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئاساسەن تەبىئىي شەخسنى سوتلاش ھوقۇقىغا ئىگە.
2. مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتنى سادىر قىلغۇچى مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن شەخسىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى، شۇنداقلا جازاغا تارتىلىشى كېرەك.
3. تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن بىرىدىكى ئادەم مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى بىر تۈرلۈك جىنايەت ئۈچۈن جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى ۋە جازالىنىشى كېرەك:
1) يالغۇز ياكى باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ، ياكى جىنايى جاۋابكارلىقى بار – يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر، يەنە بىر كىشى ئارقىلىق شۇ جىنايەتنى سادىر قىلىش؛
2) يۈز بەرگەن ياكى قىلىشقا ئۇرۇنۇلغان جىنايەتنى قىلىشقا بۇيرۇق قىلىش، كۈشكۈرتۈش، قىزىقتۇرۇش
3) شۇ جىنايەتنى سادىر قىلىشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ياردەم بېرىش، قۇترىتىش ياكى باشقا ئۇسۇللاردا مەزكۇر جىنايەتنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ياكى ئىشقا ئاشۇرۇلۇش ئۇرۇنۇشىغا ھەمدەم بولۇش. بۇ جىنايەت ۋاستىسى بىلەن تەمىنلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
4) ئورتاق نىشان ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان گۇرۇھنىڭ مەزكۇر جىنايەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياكى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىغا باشقا ھەرقانداق شەكىلدە ياردەم قىلىش. بۇ خىل ياردەم قەستەن قىلىنغان بولۇشى، شۇنداقلا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىگە ماس كېلىشى كېرەك:
(1) بۇ گۇرۇھنىڭ جىنايى پائالىيىتىنى ياكى جىنايى مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن بولغان بولۇش، شۇنداقلا بۇ پائالىيەت ياكى مەقسەتلەر مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسى ئىچىدىكى جىنايەتنى سادىر قىلىشقا چېتىشلىق بولۇشى كېرەك؛
(2) بۇ گۇرۇھنىڭ شۇ جىنايەتنى سادىر قىلىش غەرىزىنى ئېنىق بىلگەن بولۇش؛
5) ئىرقىي يوقىتىش جىنايىتى نۇقتىسىدىن، بىۋاسىتە ۋە ئاشكارا ھالدا باشقىلارنى ئىرقىي يوقىتىشقا كۈشكۈرتۈش.
6) ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جىنايەت سادىر قىلىشقا نىيەت قىلغان، لېكىن ئۆز ئىرادىسىدىن ھالقىغان ئەھۋاللار تۈپەيلى جىنايەت يۈز بەرمىگەن ئەھۋالدا.
لېكىن، جىنايەت سادىر قىلىشتىن ۋاز كەچكەن ياكى جىنايەتنىڭ تاماملىنىشىنى توسقان كىشى ئەگەر تامامەن ۋە ئۆزى خالاپ تۈرۈپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش غەرىزىدىن ۋاز كەچكەن بولسا، جىنايەتنى ئەمەلگە

ئاشۇرالمىغانلار قاتارىدا ھېسابلانمايدۇ ۋە مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئاساسەن جازاغا تارتىلمايدۇ.
4. مەزكۇر ئەھدىنامىدىكى شەخسنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىغا ئالاقىدار ھەرقانداق بەلگىلىمە دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا قانۇنغا كۆرە ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

يىگىرمە ئالتىنچى ماددا

18 ياشقا توشمىغانلارنى سوتلاش ھوقۇقى يوق

مەھكىمىنىڭ شىكايەت قىلىنغان جىنايەتنى سادىر قىلغان ۋاقىتتا 18 ياشقا توشمىغانلارنى سوتلاش ھوقۇقى يوق.

يىگىرمە يەتتىنچى ماددا

ھۆكۈمەت خادىملىق سالاھىيىتىنىڭ باغلىنىشسىزلىقى

1. مەزكۇر ئەھدىنامە ھەرقانداق ئادەمگە باراۋەر تەدبىقلىنىدۇ، بىراۋنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تەۋە بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ دۆلەت باشلىقى، ھۆكۈمەت باشلىقى، ھۆكۈمەت ياكى پارلامېنت ئەزالىرى، تاللاپ تەيىنلەنگەن ۋەكىل ياكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىق سالاھىيىتى ھەرقانداق ئەھۋالدا مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئاساسەن ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك بولغان جىنايى جاۋابكارلىقنى ساقىت قىلىۋېتەلمەيدۇ، بۇنىڭغا ھەم شۇ كىشىدىن جىنايى جازانى يەڭگىللىتىشنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ.
2. دۆلەت ئىچى قانۇنى ياكى خەلقئارا قانۇندا مەلۇم بىر كىشىنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىق سالاھىيىتى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا بېرىلىشى مۇمكىن بولغان كەچۈرۈم ياكى ئالاھىدە تەرتىپ قائىدىلىرى مەھكىمىنىڭ شۇ كىشىگە قارىتا سوتلاش ھوقۇقى يۈرگۈزۈشىگە دەخلى قىلمايدۇ.

يىگىرمە سەككىزىنچى ماددا

قوماندان ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىكلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى

مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتلەرگە قارىتا چوقۇم جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك بولغان باشقا سەۋەبلەردىن سىرت:
1. ھەربىي قوماندان ياكى ھەربىي قوماندان سۈپىتىدە ئەمەلىي ئىش بېجىرىۋاتقان كىشى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي قوماندانلىقى ۋە كونتروللۇقىدىكى قوشۇننى ياكى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي باشقۇرۇشى ۋە كونتروللۇقىدىكى قوشۇننى مۇۋاپىق تىزگىنلىمىگەن بولسا، تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا مۇشۇ ھەربىي قىسىملار سادىر قىلغان، مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك:
(1) مەزكۇر ھەربىي قوماندان ياكى مەزكۇر كىشى ئۆز قوشۇنىنىڭ ئاشۇ جىنايەتلەرنى سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ياكى شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتقا كۆرە بىلىشى كېرەك بولغان بولسا؛ ۋە
(2) مەزكۇر ھەربىي قوماندان ياكى مەزكۇر كىشى بۇ جىنايەتلەرنىڭ سادىر بولۇشىنى توسۇش ئۈچۈن ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدىكى بارلىق زۆرۈر ۋە مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللانمىغان ياكى مەسئۇل دائىرىلەردىن شۇ ئىشنى

تەكشۈرۈشنى ۋە ئەيىبلەشنى تەلەپ قىلمىغان بولسا.
2. 1- تارماقتا تىلغا ئېلىنمىغان يۈقىرى – تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا، ئەگەر يۇقىرى دەرىجىلىك خادىم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي باشقۇرۇشى ۋە كونتروللۇقىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك خادىملارنى مۇۋاپىق تىزگىنلىمىگەن بولسا، تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا (قول ئاستىدىكى) تۆۋەن دەرىجىلىك خادىملار سادىر قىلغان، مەھكىمىنىڭ سوتلاش هوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك:
(1) مەزكۇر يۇقىرى دەرىجىلىك خادىم قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئاشۇ جىنايەتلەرنى سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ياكى مۇشۇ رېئاللىقنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىتلارنى قەستەن كۆزمەسكە سالسا؛
(2) جىنايەت مەزكۇر يۇقىرى دەرىجىلىك خادىم ئەمەلىي مەسئۇل بولغان ۋە كونترول قىلىپ تۇرغان پائالىيەتلەرگە چېتىلغان بولسا؛ ۋە
(3) مەزكۇر يۇقىرى دەرىجىلىك خادىم بۇ جىنايەتلەرنىڭ سادىر بولۇشىنى توسۇش ئۈچۈن ئۆز هوقۇق دائىرىسىدىكى بارلىق زۆرۈر ۋە مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللانمىغان ياكى مەسئۇل دائىرىلەردىن شۇ ئىشنى تەكشۈرۈشنى ۋە ئەيىبلەشنى تەلەپ قىلمىغان بولسا.

## يىگىرمە توققۇزىنچى ماددا

## سوتلاشنىڭ مۇددەت چەكلىمىسى يوق

مەھكىمىنىڭ سوتلاش هوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتلەرنى سوتلىيالىشى ئۈچۈن بېكىتىلگەن ۋاقىت چېكى يوق.

## ئوتتۇزىنچى ماددا

## پىسخىكىلىق ئامىل

1. ئەكسى ئەھۋال ئىسپاتلانمىغانلا تەقدىردە، بىر شەخس مەھكىمىنىڭ سوتلاش هوقۇقى دائىرىسىدىكى بىر جىنايەتنىڭ ماددىي ئامىللىرىنى قەستەن ۋە بىلىپ تۇرۇپ قىلغان بولسا، جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى ۋە جازاغا تارتىلىشى كېرەك.
2. مەزكۇر ماددىنىڭ مەقسىتىگە كۆرە، تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن بىرى كۆرۈلسە، بىراۋدا قەستەنلىك بار دەپ هۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ:
1) قىلمىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەزكۇر كىشىدە شۇ قىلمىشنى قىلىش نىيىتى بار بولۇش؛
2) نەتىجە ئېتىبارى بىلەن، مەزكۇر كىشىنىڭ شۇ نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش نىيىتى بار بولۇش، ياكى ۋەقە تەرەققىياتىنىڭ نورمالدا شۇ نەتىجىگە بارىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن بولۇش.
3. مەزكۇر ماددىنىڭ مەقسىتىگە كۆرە، «ئېنىق بىلىش» مەلۇم بىر خىل ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ياكى ۋەقەنىڭ نورمال تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم نەتىجىگە ئاپىرىدىغانلىقىنى هېس قىلىپ يېتىشنى كۆرسىتىدۇ. «بىلىش» ۋە «ئېنىق بىلگەن هالدا» دېگەن ئىبارىلەر مۇۋاپىق شەرھلىنىشى كېرەك.

ئوتتۇز بىرىنچى ماددا

جىنايى جاۋابكارلىقنىڭ ساقىت بولۇش سەۋەبلىرى

1. مەزكۇر ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن جىنايى جاۋابكارلىقنىڭ ساقىت بولۇش سەۋەبلىرىدىن باشقا، قىلمىشنى سادىر قىلغاندا تۆۋەندىكى ھالەتلەردىن بىرىدە تۇرغان كىشى جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ:

1) مەزكۇر كىشى روھىي كېسەل بولسا، ياكى ئەقلى ئاجىز بولسا، شۇ ۋەجىدىن ئۆز قىلمىشىنىڭ قانۇنسىزلىقىغا ياكى خاراكتېرىگە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىدىن؛ ياكى ئۆز قىلمىشىنى قانۇنى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن شەكىلدە تىزگىنلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغان بولسا؛

2) مەزكۇر كىشى مەست بولسا، شۇ ۋەجىدىن ئۆز قىلمىشىنىڭ قانۇنسىزلىقىغا ياكى خاراكتېرىگە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىدىن؛ ياكى ئۆز قىلمىشىنى قانۇنى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن شەكىلدە تىزگىنلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغان بولسا؛

ئەمما، بۇ كىشى مەلۇم بىر خىل ئەھۋالدا قەستەن مەست بولۇپ، مەست بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتنى شەكىللەندۈرىدىغان قىلمىش بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىنلىكىنى ئېنىق بىلسە، ياكى بۇ كىشى شۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلۈش خەتىرىگە پەرۋا قىلمىسا، بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇنىڭدىن جىنايى جاۋابكارلىق ساقىت بولمايدۇ.

3) مەزكۇر كىشى مۇۋاپىق قىلمىش ئارقىلىق ئۆزىنى ياكى باشقىلارغا قوغدىسا، ياكى ئۇرۇش جىنايىتى جەھەتتە، قانۇنسىز ئىشلىتىلمەكچى بولغان قورال كۈچىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مال – مۈلۈكنى ياكى بىر تۈرلۈك ھەربىي ۋەزىپىنى تاماملاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مال - مۈلۈكنى قوغدىسا، شۇنداقلا قوغدىنىش ئۇسۇلى قوغدالغان كىشىنىڭ ئۆزى، ياكى باشقىلار، ياكى (قۇتقۇزۇلماقچى بولغان) مال – مۈلۈك دۇچ كەلگەن خەتەرنىڭ دەرىجىسىگە ئۇيغۇن بولسا. مەزكۇر كىشىنىڭ قىسىم ئورۇنلاشتۇرغان مۇداپىئە ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭدىن جىنايى جاۋابكارلىقنىڭ ساقىت بولۇشىغا سەۋەب بولالمايدۇ.

4) مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتنى شەكىللەندۈرگەن دەپ شىكايەت قىلىنغان قىلمىش مەزكۇر كىشى ياكى باشقىلارنىڭ ئۆلۈم تەھدىتىگە ياكى داۋاملىق ئېغىر دەرىجىدىكى جىسمانىي زىيانكەشلىك تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتدا، مەجبۇرىي سادىر بولغان بولسا، مەزكۇر كىشى بۇ تەھدىتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، زۆرۈر ھەم مۇۋاپىق ھەرىكەت قوللانغان بولسا، ئەمما ئۆزى ساقلانماقچى بولغان زىياندىن تېخىمۇ ئېغىر زىيانكەشلىككە سەۋەب بولۇش نىيىتى بولمىغان بولسا.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خەتەر، تۆۋەندىكىلەردىن بىرى بولۇشى مۇمكىن:

(1) باشقىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان خەتەر؛ ياكى

(2) مەزكۇر كىشى كونترول قىلالمايدىغان باشقا ئەھۋاللار سەۋەبلىك كېلىپ چىققان خەتەر.

2. تەرگەۋ قىلىنىۋاتقان دېلوغا قارىتا، مەھكىمە مەزكۇر ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن جىنايى جاۋابكارلىقنى ساقىت قىلىش سەۋەبلىرىنىڭ تەدبىقلانسا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا قارار بېرىشى كېرەك.

3. سوتلاش جەريانىدا، مەھكىمە 1 – تارماقتا بايان قىلىنغان جىنايى جاۋابكارلىقنى ساقىت قىلىدىغان سەۋەبلەرنى نەزەردە تۇتسا بولغاندىن سىرت، يەنە جىنايى جاۋابكارلىقنى ساقىت قىلىدىغان باشقا سەۋەبلەرنى ئويلاشسىمۇ بولىدۇ، لېكىن بۇ سەۋەبلەر چوقۇم 21 – ماددىدا تەدبىقلىنىشى بەلگىلەنگەن قانۇنلارنى ئاساس قىلغان بولۇشى كېرەك. «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى» بۇ خىل سەۋەبلەرنى نەزەردە تۇتۇش باسقۇچلىرىنى

بېكىتىشى كېرەك.

## ئوتتۇز ئىككىنچى ماددا

## پاكىت خاتالىقى ۋە قانۇن خاتالىقى

1. پاكىت خاتالىقى پەقەت جىنايەت شەكىللەندۈرۈشتە زۆرۈر بولغان پىسخىكىلىق ئاملىنى ئىنكار قىلغاندا، ئاندىن جىنايى جاۋابكارلىقنى ساقىت قىلىدىغان سەۋەب قىلىنسا بولىدۇ.
2. بىر تۈرلۈك قىلمىشنىڭ مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەت قىلمىشى ھېسابلىنىدىغان – ھېسابلانمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى قانۇن خاتالىقى جىنايى جاۋابكارلىقنى ساقىت قىلىدىغان سەۋەب قىلىنسا بولمايدۇ. ئەگەر قانۇن خاتالىقى جىنايەت شەكىللەندۈرۈشتە زۆرۈر بولغان پىسخىكىلىق ئاملىنى ئىنكار قىلسا، ياكى 33 – ماددىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن جىنايى جاۋابكارلىقنى ساقىت قىلىدىغان سەۋەب قىلىنسا بولىدۇ.

## ئوتتۇز ئۈچىنچى ماددا

## يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە قانۇن بەلگىلىمىلىرى

1. بىراۋنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا، ياكى يۇقىرىنىڭ ھەربىي ياكى مەمۇرىي بۇيرۇقىغا بىنائەن، مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتنى سادىر قىلغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق مەزكۇر كىشىدىن جىنايى جاۋابكارلىقنى ساقىت قىلمايدۇ. لېكىن، تۆۋەندىكى ئەھۋاللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا:
1) مەزكۇر كىشىنىڭ ئالاقىدار ھۆكۈمەت ياكى يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدىغان قانۇنىي مەجبۇرىيىتى بار بولسا؛
2) مەزكۇر كىشى بۇيرۇقنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلمىسە ۋە بۇيرۇقنىڭ قانۇنسىزلىقى روشەن بولمىسا.
2. مەزكۇر ماددىنىڭ مەقسىتىگە كۆرە، ئىرقىي يوقىتىش جىنايىتى ياكى ئىنسانىيەتكە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتىنى سادىر قىلىش بۇيرۇقىنىڭ قانۇنسىزلىقى روشەندۇر.

## ئۈتىنچى بۆلۈم مەھكىمىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇشى

## ئوتتۇز ئۈتىنچى ماددا

## مەھكىمىنىڭ ئورگانلىرى

مەھكىمە تۆۋەندىكى ئورگانلاردىن تەشكىل قىلىنىدۇ:
1. مەھكىمە باشلىقى مەجلىسى؛
2. نارازىلىق ئەرزى سوتى، سوت كوللېگىيەسى ۋە تەييارلىق سوت؛

3. تەپتىش ئەمەلدارى ئىشخانىسى؛
4. پۈتۈكچىلىك باشقارمىسى

ئوتتۇز بەشىنچى ماددا

سوتچىنىڭ ۋەزىپە ئۆتۈشى

1. بارلىق سوتچىلار سايلام ئارقىلىق سايلىنىپ، مەھكىمىدە پۈتۈن كۈنلۈك مەخسۇس سودىيە بولۇپ ئىشلىشى، شۇنداقلا ۋەزىپە مۇددىتى باشلانغاندىن تارتىپلا شۇ ئاساستا خىزمىتىنى باشلىشى كېرەك.
2. مەھكىمە باشلىقى مەجلىسىنى تەشكىل قىلغان سوتچىلار سايلانغان هامان، پۈتۈن كۈنلۈك مەخسۇس خىزمەت شەكلىدە خىزمىتىنى باشلىشى كېرەك.
3. مەھكىمە باشلىقى مەجلىسى مەھكىمىنىڭ خىزمەت مىقدارىغا ئاساسەن پات ـ پات مەھكىمە ئەزالىرى بىلەن كېڭىشىپ، باشقا سوتچىلارنىڭ پۈتۈن كۈنلۈك مەخسۇس خىزمەت قىلىشىغا قايسى دەرىجىدە ئېھتىياج بارلىقىغا قارار بەرسە بولىدۇ.
4. پۈتۈن كۈنلۈك مەخسۇس خىزمەت قىلمىسىمۇ بولىدىغان سوتچىلارنىڭ مائاشى 49 – ماددىغا ئاساسەن بەلگىلىنىشى كېرەك.

ئوتتۇز ئالتىنچى ماددا

سوتچىلارنىڭ سالاھىيىتى، نامزاتلىققا كۆرسىتىلىشى ۋە سايلىنىشى

1. 2 – تارماقنىڭ بەلگىلىمىسىدىن سىرت، مەھكىمىدە 18 نەپەر سوتچى بولۇشى كېرەك.
2. 1) مەھكىمە باشلىقى مەجلىسى مەھكىمىگە ۋاكالىتەن 1 – تارماقتا بەلگىلەنگەن سوتچى سانىنى كۆپەيتىش تەكلىپىنى بېرىپ، مەزكۇر تەكلىپنى زۆرۈر ۋە مۇۋاپىق دەپ قارىشىدىكى سەۋەبنى چۈشەندۈرسە بولىدۇ. باش پۈتۈكچى بۇ تېپتىكى ھەرقانداق تەكلىپ لايىھەلىرىنى تېز سۈرئەتتە بارلىق ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەرگە ئەۋەتىشى كېرەك.
2) بۇ تىپتىكى ھەرقانداق تەكلىپ لايىھەلىرى 122 – ماددىغا ئاساسەن ئېچىلغان ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيىدا قاراپ چىقىلىشى كېرەك. ئەگەر تەكلىپ لايىھەسى قۇرۇلتايدا ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيى ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىدىن كۆپرەكىنىڭ ماقۇللىشىغا ئېرىشەلىسە، ماقۇللانغان بولۇپ ھېسابلىنىپ، ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيى قارار قىلغان كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولۇشى كېرەك.
3. 1) سوتچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش تەكلىپ لايىھىسى ئىككىنچى تۈرگە ئاساسەن ماقۇللانغاندىن كېيىن، كېيىنكى نۆۋەتلىك ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيىدا، 3- تارماقتىن 8 – تارماقچە بولغان بەلگىلىملەرگە، شۇنداقلا 37 ـ ماددىنىڭ 2- تارماقىغا بىنائەن، سوتچىلار كۆپەيتىپ سايلىنىشى كېرەك،
2) سوتچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش تۈغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسى 2- تۈر ۋە 3 – تۈرنىڭ 1 – قوشۇمچە تۈرگە ئاساسەن ماقۇللانغان ۋە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەھكىمە باشلىقى مەجلىسى شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قانداق ۋاقىتتا، مەھكىمىنىڭ خىزمەت مىقدارىغا ئاساسەن، سوتچىلارنىڭ سانىنى ئازايتىش تەكلىپىنى بەرسە بولىدۇ. لېكىن سوتچىلارنىڭ سانى بىرىنچى تارماقتا بەلگىلەنگەن ساندىن ئاز بولسا بولمايدۇ، تەكلىپ لايىھەسى 1- تۈر ۋە 2- تۈردە بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك. ئەگەر تەكلىپ لايىھەسى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللانسا، سوتچىلارنىڭ سانى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان سوتچىلارنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى توشقاندىن كېيىن زۆرۈر بولغان ئادەم سانىغا قەدەر تەدرىجىي ئازايتىلىشى كېرەك.

3. 1) مەھكىمىنىڭ سوتچىلىرى ئالىي پەزىلەتلىك، ئىستىلى ياخشى، ئۆز دۆلىتىدە ئالىي ئەدلىيە ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەر ئارىسىدىن تاللىنىشى كېرەك؛

2) مەھكىمىنىڭ سايلىمىغا قاتناشقان ھەربىر نامزات تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

(1) جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار دەۋاسى ساھەلىرىدە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئىقتىدارى بولۇشى، شۇنداقلا ئىلگىرى سوتچى، تەپتىش ئەمەلدارى، ئادۋوكات ياكى باشقا شۇ تۈردىكى خىزمەتلەرنى قىلغانلىقى سەۋەبلىك جىنايى ئىشلار دەۋاسى جەھەتتە زۆرۈر ئالاقىدار تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان بولۇشى؛ ياكى

(2) خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇنى ۋە كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى دېگەندەك ئالاقىدار خەلقئارا قانۇن ساھەسىدە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئىقتىدارى بولۇشى، شۇنداقلا مەھكىمىنىڭ ئەدلىيە خىزمەتلىرىگە ئالاقىدار مول قانۇن كەسپى تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇشى؛

3) مەھكىمىنىڭ سايلىمىغا قاتناشقان ھەربىر نامزات ئەڭ ئاز دېگەندە مەھكىمىنىڭ خىزمەت تىلىدىن بىرنى پۇختا ئىگىلىگەن ۋە راۋان ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

4. 1) ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر بىردەك مەھكىمىنىڭ سايلىمىغا نامزات كۆرسەتسە بولىدۇ، نامزات كۆرسىتىش تۆۋەندىكى تەرتىپلەردىن بىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك:

(1) ئالاقىدار دۆلەتلەردىكى، ئالىي ئەدلىيە ۋەزىپىسىگە نامزات كۆرسىتىش تەرتىپى؛ ياكى

(2) «خەلقئارا سوت مەھكىمىسى پۈتۈمى»دە بەلگىلەنگەن خەلقئارا سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچى نامزاتلىرىنى كۆرسىتىش تەرتىپى.

نامزات كۆرسەتكەندە ئالاقىدار تەپسىلىي ماتېرىياللار بىللە يوللىنىپ، نامزاتنىڭ 3- تارماقتا تەلەپ قىلىنغان سالاھىيەتنى ھازىرلىغانلىقى ئىزاھلىنىشى كېرەك.

2) ئەھدىنامە تۈزگۈچى ھەر قانداق دۆلەت ھەرقانداق بىر قېتىملىق سايلام ئۈچۈن بىردىن نامزات كۆرستەلەيدۇ، مەزكۇر نامزات (ئۆزىنى نامزاتلىق كۆرسەتكۈچى) شۇ دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولمىسىمۇ بولىدۇ لېكىن چوقۇم ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەردىن بىرىنىڭ پۇقراسى بولۇشى كېرەك.

3) ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيى ئەھۋالغا ئاساسەن، نامزات كۆرسىتىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىش كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلسا بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا مەزكۇر كومىتېتنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ھوقۇقى ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

5. سايلامنىڭ نىشانىغا كۆرە، نامزاتلار تىزىملىكىدىن ئىككىسى تۈزۈلۈشى كېرەك:

1- تىزىملىكتە كۆرسىتىلگەن نامزاتلار چوقۇم 3 – تارماقنىڭ 2- تۈر 1- قوشۇمچە تۈرىدە بايان قىلىنغان سالاھىيەتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك؛

2 - تىزىملىكتە كۆرسىتىلگەن نامزاتلار چوقۇم 3 – تارماقنىڭ 2- تۈر 2- قوشۇمچە تۈرىدە بايان قىلىنغان سالاھىيەتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك.

ئەگەر نامزاتلار يۇقىرىدىكى ئىككى تىزىملىككە تەڭلا كىرەلىگۈدەك تولۇق سالاھىيەتنى ھازىرلىغان بولسا، ئىككى تىزىملىكتىن خالىغان بىرىگە كىرىشنى تاللىسا بولىدۇ. مەھكىمىنىڭ تۇنجى قېتىملىق سايلىمىدا، 1 – تىزىملىكتىن ئاز دېگەندە توققۇز سوتچى، 2- تىزىملىكتىن ئاز دېگەندە بەش سوتچى سايلاپ چىقىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىنكى سايلاملارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۇقىرىقى ئىككى تىزىملىككە كىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە سوتچىلارنى مەھكىمىدە مۇناسىپ نىسبەتتە ئىگە قىلىش كېرەك.

6. 1) 112 – ماددىغا ئاساسەن سايلام ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيىدا، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق سوتچىلار سايلىنىدۇ. 7 – تارماقنىڭ چەكلىشى ئاستىدا، قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋە ئاۋاز بەرگەن ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىدىن كۆپرەكىنىڭ ئاۋازىغا ئېرىشكەن، ئېرىشكەن ئاۋاز سانى ئەڭ كۆپ 18 نامزات مەھكىمىنىڭ سوتچىلىقىغا سايلىنىدۇ.

2) بىرىنچى قېتىملىق بېلەت تاشلاشتا، يېتەرلىك ساندا سوتچى سايلاپ چىقىلمىغان بولسا، 1 – تۈردىكى بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئاساسەن، يېتەرلىك ساندا سوتچى سايلانغانغا قەدەر داۋاملىق بېلەت تاشلىنىدۇ.

7. (سايلانغان سوتچىلارنىڭ ئىچىدىكى) ھەرقانداق ئىككى سوتچى ئوخشاش بىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولسا بولمايدۇ. مەھكىمە ئەزالىقى نۇقتىسىدىن، بىر شەخسنىڭ بىردىن كۆپ دۆلەت تەۋەلىكى بار بولسا، ئۇ ئادەتتە ئۆزى پۇقرالىق ۋە سىياسىي ھوقۇقنى ئىشلىتىدىغان دۆلەتنىڭ پۇقراسى دەپ قارىلىشى كېرەك.

8. 1) ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر سوتچى سايلىغاندا، مەھكىمە سوتچىلار قۇرۇلمىسىنىڭ تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك:

(1) دۇنيادىكى ھەرقايسى قانۇن سىستېمىلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇش؛

(2) ئادىل بولغان رايون ۋەكىللىكلىكى؛ ۋە

(3) ئەر – ئايال سوتچى سانىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى؛

2) ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر چوقۇم مەھكىمىدە ئاياللارغا، بالىلارغا زوراۋانلىق قىلىش دېگەندەك مەسىلىلەر ھەققىدە مەخسۇس بىلىمگە ئىگە سوتچىلار بولۇشىنىمۇ نەزەردە تۇتۇشى كېرەك.

9. 1) 2 – تۈردىكى بەلگىلىمىدىن سىرت، سوتچىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى توققۇز يىل بولىدۇ. شۇنداقلا 3 – تۈر ۋە 37 – ماددىنىڭ 2 – تارمىقىدا بەلگىلەنگەن ئەھۋالدىن سىرت، سوتچىلار ئۇدا سايلانسا بولمايدۇ.

2) تۇنجى قېتىملىق سايلامدا، سايلانغان سوتچىلار ئارىسىدا چەك تاشلاش ئارقىلىق، ئۈچتىن بىر قىسىم سوتچىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى ئۈچ يىل، يەنە ئۈچتىن بىرىنىڭ ئالتە يىل، قالغانلىرىنىڭ توققۇز يىل بولىدۇ.

3) 2 – تۈردىكى چەك تاشلاش قارارىغا ئاساسەن، ۋەزىپە مۇددىتى ئۈچ يىل بولغان سوتچى بىر قېتىم ئۇدا سايلىنىپ ۋەزىپە ئۆتىسە بولىدۇ، ۋەزىپە مۇددىتى توققۇز يىل بولىدۇ.

10. گەرچە 9 – تارماقنىڭ بەلگىلىمىسى بار بولسىمۇ، 39 – ماددىغا ئاساسەن سوت كوللېگىيەسىگە ياكى تەييارلىق سوتقا تەيىنلەنگەن سوتچىلار ئالاقىدار تارماق سوت سوراق قىلىشنى باشلىغان ھەرقانداق سوت ياكى نارازىلىق ئەرزىنى تاماملاش ئۈچۈن ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك.

## ئوتتۇز يەتتىنچى ماددا

## سوتچىلىق ئورنى بوش قېلىش

1. سوتچىلىق ئورنى بوش قالسا، 36 – ماددىغا ئاساسەن سايلام ئۆتكۈزۈپ، بوشلۇقنى تولۇقلاش كېرەك.

2. تولۇقلاپ سايلانغان سوتچى سابىق سوتچىنىڭ قېلىپ قالغان ۋەزىپە مۇددىتىنى تاماملىشى كېرەك. قېلىپ قالغان مۇددەت ئۈچ يىل ياكى ئۈچ يىلدىن ئاز بولسا، بىر قېتىم ئۇدا سايلىنىپ ۋەزىپە ئۆتىسە بولىدۇ، ۋەزىپە مۇددىتى توققۇز يىل بولىدۇ.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى ماددا

## مەھكىمە باشلىقى مەجلىسى

مەھكىمە باشلىقى ۋە، 1-، 2- مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى مۇتلەق كۆپ سانلىق سوتچىلار تەرىپىدىن سايلىنىدۇ، ھەرقايسىسىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى ئۈچ يىل ياكى ئۆزىنىڭ سوتچىلىق ۋەزىپە مۇددىتى توشقانغا قەدەر بولىدۇ، شۇنداقلا (مەھكىمە باشلىقلىقى ۋەزىپە مۇددىتى بىلەن سوتچىلىق ۋەزىپە مۇددىتىدىن) قايسىسىنىڭ ۋاقتى بالدۇر توشىدىغان بولسا، شۇ ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ئۇلار بىر قېتىم ئۇدا سايلانسا بولىدۇ.

2. مەھكىمە باشلىقى يوق ياكى چەتلەپ تۇرغان بولسا، 1- مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى مەھكىمە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ۋاكالىتەن ئۆتەيدۇ. مەھكىمە باشلىقى ۋە 1- مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى ئىككىلىسى يوق

ياكى چەتلەپ تۇرغان بولسا، 2- مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى مەھكىمە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ۋاكالىتەن ئۆتەيدۇ.
3. مەھكىمە باشلىقى مەجلىسى مەھكىمە باشلىقى، 1 – ۋە 2 – مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭ فۇنكىسيەسى تۆۋەندىكىدەك:
1) مەھكىمىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى ئىشخانىسىدىن باشقا خىزمەتلىرىنى مۇۋاپىق باشقۇرۇپ تۇرۇش؛ ۋە
2) مەزكۇر ئەھدىنامە مەھكىمە باشلىقى مەجلىسگە بەرگەن باشقا فۇنكسيەلەرنى ئادا قىلىش.
4. مەھكىمە باشلىقى مەجلىسى 3 – تارماقنىڭ 1- تۈرگە ئاساسەن فۇنكسيەسىنى ئىجرا قىلغاندا، ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا تەپتىش ئەمەلدارى بىلەن كېڭىشىپ، بىرلىككە كېلىشكە تىرىششى كېرەك.

## ئوتتۇز توققۇزىنچى ماددا

## تارماق سوتلار

1. مەھكىمە سوتچىلارنى سايلاپ بولغاندىن كېيىن، 34 – ماددىنىڭ 2 – تۈردە بەلگىلەنگەن ئۈچ سوتنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. نارازىلىق ئەرزى سوتى مەھكىمە باشلىقى ۋە باشقا تۆت نەپەر سوتچىدىن تەشكىل قىلىنىدۇ. سوت كوللېگىيەسى ئەڭ ئاز بولغاندا ئالتە نەپەر سوتچىدىن تەشكىل قىلىنىدۇ، تەييارلىق سوتمۇ ئەڭ ئاز بولغاندا ئالتە نەپەر سوتچىدىن تەشكىل قىلىنىشى كېرەك. ھەرقايسى سوتلارنىڭ سوتچىلىرىنى تەيىنلىگەندە، ھەرقايسى سوتلار ئىجرا قىلىشى كېرەك بولغان فۇنكسيەنىڭ خاراكتېرىنى ۋە مەھكىمگە سايلانغان سوتچىلارنىڭ سالاھىيىتى ۋە تەجرىبىسىنى ئاساس قىلىپ، ھەرقايسى سوتلارنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋاسى ۋە خەلقئارا قانۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇش كېرەك. سوت كوللېگىيەسى ۋە تەييارلىق سوت ئاساسلىقى جىنايى ئىشلار بويىچە سوتلاش تەجرىبىسگە ئىگە سوتچىلاردىن تەشكىل قىلىنىشى كېرەك.
2. 1) مەھكىمىنىڭ ئەدلىيە فۇنكسيەسىنى ھەرقايسى تارماق سوتلار ئىجرا قىلىدۇ.
2) (1) نارازىلىق ئەرزى تارماق سوتى نارازىلىق ئەرزى سوتىدىكى بارلىق سوتچىلاردىن تەشكىل قىلىنىدۇ؛
(2) تارماق سوت كولېگىيەسىنىڭ فۇنكسيەسىنى سوت كولېگىيەسىدىكى ئۈچ نەپەر سوتچى ئىجرا قىلىدۇ؛
(3) تارماق تەييارلىق سوتىنىڭ فۇنكسيەسى مەزكۇر ئەھدىنامىگە ۋە «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى»نىڭ بەلگىلىمىسگە ئاسەسەن، تەييارلىق سوتنىڭ ئۈچ نەپەر سوتچىسى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ ياكى مەزكۇر سوتنىڭ بىر نەپەر سوتچىسى تەرىپىدىن يالغۇز ئىجرا قىلىنىدۇ.
3) مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، مەزكۇر تارماق زۆرۈر تېپىلغاندا بىر ۋاقىتتا كۆپلىگەن سوت كولېگىيەسى ياكى تەييارلىق سوت قۇرۇشقا توسالغۇ بولسا بولمايدۇ.
3. 1) سوت كولېگىيەسى ياكى تەييارلىق سوتقا تەيىنلەنگەن سوتچىلارنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ، ياكى ئالاقىدار تارماق سوت مەلۇم بىر دېلونى سوراق قىلىشنى باشلىغان بولسا، شۇ دېلونى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.
2) نارازىلىق ئەرزى سوتىغا تەيىنلەنگەن سوتچىلار ۋەزىپە مۇددىتى ئىچىدە ئىزچىل ئاشۇ سوتتا خىزمەت قىلىشى كېرەك.
4. نارازىلىق ئەرزى سوتىغا تەيىنلەنگەن سوتچىلار پەقەت نارازىلىق ئەرزى سوتىدىلا خىزمەت قىلىشى كېرەك. لېكىن، مەزكۇر ماددا مەھكىمە باشلىقى مەجلىسى زۆرۈر دەپ قارىغاندا، مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، سوت كولېگىيسى بىلەن تەييارلىق سوت ئارىسىدا سوتچىلارنى ئۆزئارا ۋاقىتلىق يۆتكەپ ئىشلىتىپ تۇرۇشنى چەتكە قاقمايدۇ. لېكىن، مەلۇم بىر دېلونىڭ تەييارلىق سوراق باسقۇچىغا قاتناشقان سوتچى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سوت كولېگىيەسىدە ئەينى دېلونى تەرگەۋ قىلىشقا قاتنىشالمايدۇ.

قىرىقىنچى ماددا

سوتچىلارنىڭ مۇستەقىللىقى

1. سوتچىلار ئۆز فۇنكسىيەسىنى مۇستەقىل ئىجرا قىلىدۇ.
2. سوتچى ئۆزىنىڭ ئەدلىيە فۇنكسىيەسىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، ياكى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىگە قارىتا شۇبھە تۇغدۇرىدىغان ھەرقانداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانماسلىقى كېرەك.
3. مەھكىمە تۈزۈشلۈق جايىدا پۈتۈن كۈنلۈك مەخسۇس خىزمەت قىلىدىغان سوتچىلار باشقا ھەرقانداق كەسپىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا بولمايدۇ.
4. 3 – ۋە 4- تارماقنى تەدبىقلاشقا ئالاقىدار ھەرقانداق مەسىلە مۇتلەق كۆپ سانلىق سوتچى تەرىپىدىن قارار قىلىنىشى كېرەك. بۇ تۈردىكى ھەرقانداق مەسىلە قىسمەن سوتچىلارغا چېتىلسا، شۇ سوتچى (لار) قارار چىقىرىشقا قاتناشسا بولمايدۇ.

قىرىق بىرىنچى ماددا

سوتچىنىڭ مەجبۇرىيىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ۋە چەتلەپ تۇرۇشى

1. مەھكىمە باشلىقى مەجلىسى «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى» بويىچە، مەلۇم بىر سوتچىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۇنىڭ مەزكۇر ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن مەلۇم تۈرلۈك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماسلىقىغا رۇخسەت قىلسا بولىدۇ.
2. 1) سوتچى ئۆز ئادىللىقىنىڭ ھەرقانداق سەۋەب بىلەن ئورۇنلۇق شۈبھىگە ئۇچرىشى مۇمكىن بولغان دېلونى تەرگەۋ قىلىشقا قاتناشسا بولمايدۇ. بولۇپمۇ سوتچى ئۆتمۈشتە ھەر قانداق سالاھىيەتتە مەھكىمە تەرگەۋ قىلىۋاتقان مەلۇم بىر دېلوغا قاتناشقان، ياكى تەكشۈرۈلۈۋاتقان ياكى شىكايەت قىلىنغان ئادەمگە ئالاقىدار جىنايى ئىشلار دېلوسىغا دۆلەت سەۋىيىسىدە قاتناشقان بولسا، مەزكۇر سوتچى بۇ تارماقنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، بۇ دېلونى تەرگەۋ قىلىشتىن چەتلەپ تۇرۇشى كېرەك. سوتچى يەنە «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى»دا بەلگىلەنگەن باشقا سەۋەبلەر ئۈچۈنمۇ دېلونى تەرگەۋ قىلىشتىن چەتلەپ تۇرۇشى كېرەك.
3. سوتچىنىڭ چەتلەپ تۇرۇشىغا ئالاقىدار ھەرقانداق مەسىلە مۇتلەق كۆپ سانلىق سوتچى تەرىپىدىن قارار قىلىنىشى كېرەك. شۈبھىلىنىلگەن سوتچى شۇ ئىش ھەققىدە پىكىر بايان قىلىشقا ھوقۇقلۇق، لېكىن قارار چىقىرىشقا ئىشتىراك قىلالمايدۇ.

قىرىق ئىككىنچى ماددا

تەپتىش ئەمەلدارى ئىشخانىسى

1. تەپتىش ئەمەلدارى ئىشخانىسى مەھكىمىنىڭ مۇستەقىل ئورگىنى بولۇش سۈپىتىدە مۇستەقىل ئىش بېجىرىپ، بىلدۈرۈلگەن (دېلو ئەھۋالىغا ئالاقىدار) ئەھۋال ۋە مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى

جىنايەتلەرگە ئالاقىدار ھەرقانداق پاكىت ئاساسىنى قوبۇل قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ۋە مەزكۇر سوتتا ئەرز سۇنۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. تەپتىش ئەمەلدارى ئىشخانىسىنىڭ خادىملىرى سىرتتىن يوليورۇق ئالسا ياكى سىرتتىن كەلگەن كۆرسەتمە بويىچە ئىش كۆرسە بولمايدۇ.

2. تەپتىش ئەمەلدارى ئىشخانىسىغا تەپتىش ئەمەلدارى رەھبەرلىك قىلىدۇ. تەپتىش ئەمەلدارى تەپتىش ئەمەلدارى ئىشخانىسىغا تولۇق ھوقۇقلۇق مەسئۇل بولىدۇ، بۇ ئىشخانا خىزمەتچىلىرى، ئەسلىھەلەر ۋە باشقا بايلىقلارنى باشقۇرۇش ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەپتىش ئەمەلدارىغا بىر ياكى كۆپ نەپەر مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى ياردەملىشىشى كېرەك. مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى مەزكۇر ئەھدىنامىدە تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ قوللىنىشى بەلگىلەنگەن ھەرقانداق تەدبىرنى قوللىنىشقا ھوقۇقلۇق. تەپتىش ئەمەلدارى ۋە مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ئوخشاش بولماسلىقى كېرەك. ئۇلار پۈتۈن كۈنلۈك مەخسۇس ھالەتتە ۋەزىپە ئۆتىشى كېرەك.

3. تەپتىش ئەمەلدارى ۋە مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى ئالىي پەزىلەتلىك، جىنايى ئىشلار دېلوسىنىڭ ئەيىبلەش ۋە سوتلاش جەھەتلىرىدە ئالاھىدە ئىقتىدارى ۋە مول ئەمەلىي تەجرىبىسى بار ئادەم بولۇشى كېرەك. ئۇلار ئەڭ ئاز دېگەندە مەھكىمىنىڭ خىزمەت تىلىدىن بىرنى پۇختا ئىگىلىگەن ۋە راۋان ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

4. تەپتىش ئەمەلدارى ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيىدا، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق مۇتلەق كۆپ سانلىق تەرىپىدىن سايلىنىشى كېرەك. مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا، تەپتىش ئەمەلدارى ئوتتۇرىغا قويغان نامزاتلار تىزىملىكىدىن سايلاپ چىقىلىشى كېرەك. تەپتىش ئەمەلدارى تولۇقلىنىشى كېرەك بولغان ھەربىر مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارلىق ئورنى ئۈچۈن ئۈچتىن نامزات كۆرسىتىشى كېرەك. سايلام ۋاقتىدا باشقا قىسقىراق مۇددەت بېكىتىلمىگەنلا بولسا، تەپتىش ئەمەلدارى ۋە مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى توققۇز يىل بولىدۇ، ئۇدا سايلانسا بولمايدۇ.

5. تەپتىش ئەمەلدارى ۋە مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى ئۆزىنىڭ تەپتىش مەسئۇلىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، ياكى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىگە قارىتا شۈبھە تۇغدۇرىدىغان ھەرقانداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانماسلىقى، شۇنداقلا باشقا ھەرقانداق كەسپىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىقى كېرەك.

6. تەپتىش ئەمەلدارى ياكى مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى مەھكىمە باشلىقى مەجلىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر دېلونى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشماسلىقىغا رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

7. تەپتىش ئەمەلدارى ۋە مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى ئۆز ئادىللىقىنىڭ ھەرقانداق سەۋەب بىلەن ئورۇنلۇق شۈبھىگە ئۇچرىشى مۇمكىن بولغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشسا بولمايدۇ. بولۇپمۇ تەپتىش ئەمەلدارى ۋە مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى ئۆتمۈشتە ھەر قانداق سالاھىيەتتە مەھكىمە تەرگەۋ قىلىۋاتقان مەلۇم بىر دېلوغا قاتناشقان، ياكى تەكشۈرۈلۈۋاتقان ياكى شىكايەت قىلىنغان ئادەمگە ئالاقىدار جىنايى ئىشلار دېلوسىغا دۆلەت سەۋىيەسىدە قاتناشقان بولسا، مەزكۇر سوتچى بۇ تارماقنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىشتىن چەتلەپ تۇرۇشى كېرەك.

8. تەپتىش ئەمەلدارى ياكى مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ چەتلەپ تۇرۇش مەسىلىسىگە نارازىلىق ئەرزى سوتى قارار بېرىشى كېرەك.

1) تەكشۈرۈلگەن ياكى شىكايەت قىلىنغان كىشى ھەرقانداق ۋاقىتتا مەزكۇر ماددىدا بەلگىلەنگەن سەۋەبكە ئاساسەن، تەپتىش ئەمەلدارى ياكى مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ چەتلەپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

2) تەپتىش ئەمەلدارى ياكى مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى بۇ ئىش ھەققىدە پىكىر بايان قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

9. تەپتىش ئەمەلدارى جىنسىي زوراۋانلىق، جىنس زوراۋانلىقى ۋە باللارغا زوراۋانلىق قىلىش دېگەندەك كونكرېت مەسىلىلەردە مەخسۇس قانۇنىي بىلىملەرگە ئىگە مەسلىھەتچىلەردىن بىر قانچىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىشى كېرەك.

## قىرىق ئۈچىنچى ماددا

## پۈتۈكچىلىك باشقارمىسى

1. تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ 42 – ماددىدا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيەت ۋە ھوقۇقلىرىغا توسقۇنلۇق قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، پۈتۈكچىلىك باشقارمىسى مەھكىمىنىڭ ئەدلىيەدىن باشقا جەھەتلەردىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.
2. باش پۈتۈكچى مەھكىمىنىڭ ئاساسلىق مەمۇرىي ئەمەلدارى بولۇپ، پۈتۈكچىلىك باشقارمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. باش پۈتۈكچى مەھكىمە باشلىقىنىڭ نوپۇزى ئاستىدا ئىش بېجىرىدۇ.
3. باش پۈتۈكچى ۋە مۇئاۋىن باش پۈتۈكچى ئالىي پەزىلەتلىك، ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئادەملەردىن بولۇشى، ئەڭ ئاز دېگەندە مەھكىمىنىڭ خىزمەت تىلىدىن بىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن ۋە راۋان ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.
4. سوتچىلار ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيىنىڭ ھەرقانداق پىكرىنى نەزەردە تۇتۇپ، يوشۇرۇن ئاۋازغا قويۇپ، مۇتلەق كۆپ ئاۋاز بىلەن باش پۈتۈكچىنى سايلاپ چىقىشى كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا، سوتچىلار باش پۈتۈكچىنىڭ تەشەببۇسى ئارقىلىق، ئوخشاش ئۇسۇلدا بىر نەپەر مۇئاۋىن باش پۈتۈكچىنى سايلاپ چىقسا بولىدۇ.
5. باش پۈتۈكچىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى بەش يىل، بىر قېتىم ئۇدا سايلانسا بولىدۇ، شۇنداقلا پۈتۈن كۈنلۈك مەخسۇس خىزمەت قىلىدۇ. مۇئاۋىن باش پۈتۈكچىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى بەش يىل ياكى سوتچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئايرىم قارار قىلغان ئۇنىڭدىن قىسقىراق مۇددەت بولىدۇ. مۇئاۋىن باش پۈتۈكچىنى ئېھتىياج بولغاندا كېلىپ ۋەزىپە ئۆتەش شەرتى بىلەن سايلاپ چىقىشقا بولىدۇ.
6. باش پۈتۈكچى پۈتۈكچىلىك باشقارمىسىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە گۇۋاھچىلار بۆلۈمى تەسىس قىلىشى كېرەك. مەزكۇر بۆلۈم تەپتىش ئەمەلدارى ئىشخانىسى بىلەن كېڭىشىپ، گۇۋاھچىلارنى، سوتتا گۇۋاھلىق بەرگەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى، شۇنداقلا مۇشۇ گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى سەۋەبلىك خەتەرگە دۇچ كېلىدىغان باشقا كىشىلەرنى قوغداش چارىسى، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى، مەسلىھەت ۋە باشقا مۇۋاپىق ياردەملەر بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. مەزكۇر بۆلۈمدە جىنسىي زوراۋانلىققا ئالاقىدار مەنىۋى زەخمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىۋى زەخملەر مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ماھىر مەخسۇس كەسپىي خىزمەتچىلەر بار بولۇشى كېرەك.

## قىرىق تۆتىنچى ماددا

## خىزمەتچى خادىملار

1. تەپتىش ئەمەلدارى ۋە باش پۈتۈكچى ئېھتىياجغا ئاساسەن باشقارما ــ ئىشخانىلىرىغا لاياقەتلىك خىزمەتچىلەرنى ۋەزىپىگە قويسا بولىدۇ. تەپتىش ئەمەلدارىغا نىسبەتەن، بۇ تەكشۈرگۈچىنى ۋەزىپىگە قويۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
2. تەپتىش ئەمەلدارى ۋە باش پۈتۈكچى خىزمەتچى خادىملارنى ئىشلەتكەندە ئۈنۈم، ئىقتىدار ۋە سادىقلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمگە يەتكەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، شۇنداقلا 36 – ماددىنىڭ 8 – تارمىقىدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەملەرگە لايىقىدا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.
3. باش پۈتۈكچى مەھكىمە باشلىقى مەجلىسى ۋە تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ماقۇللۇقى ئاستىدا، «خىزمەتچى خادىملار نىزامى»نى تۈزۈپ، مەھكىمە خىزمەتچىلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، مائاش ۋە ئىشتىن بوشىتىش شەرتلىرىنى بېكىتىشى كېرەك. «خىزمەتچى خادىملار نىزامى» ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن

تەستىقلىنىشى كېرەك.

4. ئالاھىدە ئەھۋالدا، مەھكىمە ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر، ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلار ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار ھەقسىز تەمىنلىگەن خادىملارنىڭ مەخسۇس بىلىمىدىن پايدىلىنىپ، مەھكىمىدىكى ھەرقانداق ئورگاننىڭ خىزمىتىگە ياردەملەشسە بولىدۇ. تەپتىش ئەمەلدارى تەپتىش ئەمەلدارى ئىشخانىسىغا بېرىلگەن بۇ خىل ياردەملەرنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ. ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيى بېكىتكەن ئۆلچەمگە ئاساسەن ھەقسىز تەمىنلەنگەن خادىملارنى ۋەزىپىگە قويۇش كېرەك.

## قىرىق بەشىنچى ماددا

## قەسەم بېرىش

سوتچىلار، تەپتىش ئەمەلدارى، مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى، باش پۈتۈكچى ۋە مۇئاۋىن باش پۈتۈكچىلەر مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئاساسەن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادىللىق بىلەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئادا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئوچۇق سوتتا بىرمۇبىر قەسەم قىلىشى كېرەك.

## قىرىق ئالتىنچى ماددا

## ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش

1. سوتچىلار، تەپتىش ئەمەلدارى، مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى، باش پۈتۈكچى ۋە مۇئاۋىن باش پۈتۈكچىلەردىن تۆۋەندىكى ئەھۋال كۆرۈلگەنلىرى 2 – تارماققا ئاساسەن قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك:

1) «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى»دا كۆرسىتىلگەن ئېغىر دەرىجىدىكى نامۇۋاپىق قىلمىشلار ياكى مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلمىشلىرى بارلىقى ئېنىقلانسا؛ ياكى

2) مەزكۇر ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمىسا.

2. 1- تارماققا ئاساسەن سوتچى، تەپتىش ئەمەلدارى، مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قارارى ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيىدا تۆۋەندىكىدەك يوشۇرۇن ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ:

1) سوتچىلارغا ئالاقىدار قارارنى مەھكىمىدىكى باشقا سوتچىلارنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىدىن كۆپرەكى ماقۇللىغان تەكلىپكە ئاساسەن، ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىدىن كۆپرەكى چىقىرىدۇ.

2) تەپتىش ئەمەلدارىغا ئالاقىدار قارارنى ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى چىقىرىدۇ.

3) مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارىغا ئالاقىدار قارارنى تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى چىقىرىدۇ.

3. باش پۈتۈكچى ۋە مۇئاۋىن باش پۈتۈكچىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قارارىنى ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىدىن كۆپرەكى چىقىرىدۇ.

4. سوتچىلار، تەپتىش ئەمەلدارى، مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى، باش پۈتۈكچى ۋە مۇئاۋىن باش پۈتۈكچىلەرنىڭ ئىچىدە مەزكۇر ماددىغا ئاساسەن قىلمىشى ياكى مەزكۇر ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىلغانلار، «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى» بويىچە يېتەرلىك دەرىجىدە دەلىل – ئىسپات كۆرسىتىش، دەلىل - ئىسپات كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىش ۋە ئۆزىنى ئاقلاش پۇرسىتىگە ئىگە.

ئالاقىدار كىشى باشقا شەكىلدە مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتناشسا بولمايدۇ.

## قىرىق يەتتىنچى ماددا

## ئىنتىزام تەدبىرلىرى

سوتچىلار، تەپتىش ئەمەلدارى، مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى، باش پۈتۈكچى ۋە مۇئاۋىن باش پۈتۈكچىلەرنىڭ نامۇۋاپىق قىلمىشلىرى بولسا، بۇ قىلمىشلارنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى 46 – ماددىنىڭ 1 – تارمىقىدا بايان قىلىنغاندىكىدىن يېنىك بولسا، «تەرتىپ ۋە دەلىل ـ ئىسپات نىزامى» بويىچە ئىنتىزام چارىسى كۆرۈلۈشى كېرەك.

## قىرىق سەككىزىنچى ماددا

## ئىمتىياز ۋە كەچۈرۈم قىلىنىش

1. مەھكىمە ئەھدىنامە تۈزگۈچى ھەربىر دۆلەتنىڭ چېگراسى ئىچىدە ئۆزىنىڭ تۈپ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىمتىياز ۋە كەچۈرۈم قىلىنىشتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك.
2. سوتچىلار، تەپتىش ئەمەلدارى، مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى، باش پۈتۈكچى قاتارلىقلار مەھكىمىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغاندا، ياكى مەھكىمىنىڭ ۋەزىپىلىرىگە چېتىلىدىغان جەھەتلەردە، دىپلوماتىيە ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بەھرىمەن بولغانغا ئوخشاش ئىمتىياز ۋە كەچۈرۈم قىلىنىشتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا، ۋەزىپە مۇددىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق كەچۈرۈم قىلىنىشتىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىنىڭ ئىشنى بېجىرگەنلىكىگە ئالاقىدار سۆزلىرى، خەت – ئالاقىلىرى ۋە قىلمىشلىرى ھەرقانداق شەكىلدە قانۇنىي دەۋاغا تارتىلماسلىقى كېرەك.
3. مۇئاۋىن باش پۈتۈكچى، تەپتىش ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە پۈتۈكچىلىك باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى مەھكىمىنىڭ ئىمتىياز ۋە كەچۈرۈم قىلىنىش كېلىشىملىرىگە ئاساسەن، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتا زۆرۈر بولغان ئىمتىياز، كەچۈرۈم قىلىنىش ۋە قولايلىقلاردىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك.
4. ئادۋوكات، باھالىغۇچى، گۇۋاھچى ياكى مەھكىمە تۇرۇشلۇق جايغا كېلىشى تەلەپ قىلىنغان باشقا ھەرقانداق كىشى مەھكىمىنىڭ ئىمتىياز ۋە كەچۈرۈم قىلىنىش كېلىشىملىرىگە ئاساسەن، مەھكىمىنىڭ نورمال خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك.
5. ئىمتىياز ۋە كەچۈرۈم قىلىنىشنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:
1) سوتچىلار ياكى تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئىمتىياز ۋە كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سوتچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ.
2) باش پۈتۈكچىنىڭ ئىمتىياز ۋە كەچۈرۈم قىلىنىشىنى مەھكىمە باشلىقى مەجلىسى ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ.
3) مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى ۋە تەپتىش ئەمەلدارى ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىمتىياز ۋە كەچۈرۈم قىلىنىشىنى تەپتىش ئەمەلدارى ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ.
4) مۇئاۋىن باش پۈتۈكچى ۋە پۈتۈكچىلىك باشقارمىسىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ئىمتىياز ۋە كەچۈرۈم قىلىنىشىنى باش پۈتۈكچى ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ.

## قىرىق توققۇزىنچى ماددا

### مائاش، ياردەم پۇلى ۋە خىراجەت

سوتچىلار، تەپتىش ئەمەلدارى، مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى، باش پۈتۈكچى ۋە مۇئاۋىن باش پۈتۈكچىلەر ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيى بېكىتكەن مائاش، ياردەم پۇلى ۋە خىراجەتنى ئالىدۇ. مائاش ۋە ياردەم پۇلى شەخسنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى داۋامىدا ئازلىتىلسا بولمايدۇ.

## ئەللىكىنچى ماددا

### رەسمىي تىل ۋە خىزمەت تىللىرى

1. مەھكىمىنىڭ رەسمىي تىلى ئەرەب تىلى، خىتاي تىلى، ئىنگلىز تىلى، فىرانسۇز تىلى، رۇس تىلى ۋە ئىسپان تىللىرىدۇر. مەھكىمىنىڭ قارارى ۋە مەھكىمە تەرگەۋ قىلىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چىقىرىلغان باشقا ھۆكۈملەر رەسمىي تىللاردا ئېلان قىلىنىشى كېرەك. مەھكىمە باشلىقى مەجلىسى «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى»دا بېكىتىلگەن ئۆلچەم بويىچە، مەزكۇر تارماقنىڭ نىشانىغا كۆرە، قايسى قارارلارنى مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ دەپ قاراشقا بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشى كېرەك.
2. مەھكىمىنىڭ خىزمەت تىلى ئىنگلىز تىلى ۋە فىرانسۇز تىلىدۇر. «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى» قانداق ئەھۋالدا باشقا رەسمىي تىللارنى خىزمەت تىلى قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىشى كېرەك.
3. مەھكىمە دەۋالاشقۇچى تەرەپ ياكى دەۋاغا قاتنىششىغا ئىجازەت بېرىلگەن دۆلەتنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئەگەر ئۇتتۇرىغا قويۇلغان سەۋەبنى يېتەرلىك دەپ قارىسا، دەۋالاشقۇچى تەرەپ ياكى دۆلەتنىڭ ئىنگلىز تىلى ۋە فىرانسۇز تىلىدىن باشقا بىر تىل ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىشى كېرەك.

## ئەللىك بىرىنچى ماددا

### تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى

1. «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى» ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيى ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىدىن كۆپرەكىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.
2. تۆۋەندىكى ھەرقايسى تەرەپلەر «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى»نى تۈزىتىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ:
   1) ئەھدىنامە تۈزگۈچى ھەرقانداق دۆلەت؛
   2) سوتچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى؛
   3) تەپتىش ئەمەلدارى؛

تۈزىتىش لايىھەسى ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيىدا ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەك ئەزانىڭ ئاۋازىغا ئېرىشكەندىن كېيىن دەرھال كۈچكە ئىگە بولىدۇ.
3. «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى» ماقۇللانغاندىن كېيىن، مەزكۇر «نىزام»دا مەھكىمە دۇچ كەلگەن كونكرېت ئەھۋالغا قارىتا بەلگىلىمە تۈزۈلمىگەن جىددىي ئەھۋال كۆرۈلسە، سوتچىلارنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىدىن

كۆپرەكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە تۈزۈپ، ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر قۇرۇلتىيىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق قەرەللىك يىغىنى ياكى ئالاھىدە يىغىنىدا ماقۇللانغان، تۈزىتىلگەن ياكى رەت قىلىنغانغا قەدەر ۋاقىتىنچە تەدبىقلىنىپ تۇرسا بولىدۇ.

4. «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى»، ئۇنىڭ تۈزىتىش لايىھەسى ۋە ھەرقانداق ۋاقىتلىق بەلگىلىمىلىرى مەزكۇر ئەھدىنامە بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك. «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى»نىڭ تۈزىتىش لايىھەسى ۋە ۋاقىتلىق بەلگىلىمىلىرى ئۆتمۈشنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئىشلىتىلىپ، تەكشۈرۈلۈۋاتقان، شكايەت قىلىنغان ياكى جىنايەت ئارتىلغان كىشىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك.

5. مەزكۇر ئەھدىنامە بىلەن «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى» توقۇنۇشۇپ قالسا، مەزكۇر ئەھدىنامە ئاساس قىلىنىدۇ.

### ئەللىك ئىككىنچى ماددا

### سوت مەھكىمىسى نىزامى

1. سوتچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مەزكۇر ئەھدىنامە ۋە «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى» بويىچە، مەھكىمىنىڭ دائىمىي خىزمەت ئېھتىياجى ئۈچۈن «سوت مەھكىمىسى نىزامى»نى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

2. مەزكۇر «نىزام» ۋە ئۇنىڭ ھەرقانداق تۈزىتىش لايىھەسىنى تۈزگەندە، تەپتىش ئەمەلدارى ۋە باش پۈتۈكچىنىڭ پىكرى ئېلىنىشى كېرەك.

3. مەزكۇر «نىزام» ۋە ئۇنىڭ ھەرقانداق تۈزىتىش لايىھەسى ماقۇللانغان ھامان كۈچكە ئىگە بولىدۇ. سوتچىلارنىڭ ئايرىم قارارى بولغان ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇ ھۆججەتلەر ماقۇللانغاندىن كېيىن، دەرھال ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەرگە يوللىنىپ، ئۇلارنىڭ پىكرى ئېلىنىشى كېرەك. ئالتە ئاي ئىچىدە ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قارشى پىكىردە بولمىسا، بۇلار داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

## بەشىنچى بۆلۈم  تەكشۈرۈش ۋە ئەرز سۈنۇش

### ئەللىك ئۈچىنچى ماددا

### تەكشۈرۈشنى باشلاش

1. تەپتىش ئەمەلدارى ئۆزىگە تەمىنلەنگەن ماتېرىياللارنى باھالىغاندىن كېيىن، مەزكۇر ئەھدىنامە بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا مۇۋاپىق دەلىل يوق دەپ قارىمىسىلا، تەكشۈرۈشنى باشلىشى كېرەك. تەكشۈرۈشنى باشلاش – باشلىماسلىقنى قارار قىلغاندا، تەپتىش ئەمەلدارى تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك:

1) تەپتىش ئەمەلدارى ئىگىلىگەن ماتېرىياللار بىراۋنى مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتنى سادىر قىلغان ياكى قىلىۋاتىدۇ دەپ قاراشقا ئاساس بولالايدىغان مۇۋاپىق دەلىل بىلەن تەمىنلىدىمۇ – يوق؛

2) 17 – ماددىغا ئاساسەن، مەزكۇر دېلونى قوبۇل قىلىشقا ياكى كەلگۈسىدە قوبۇل قىلىشقا بولامدۇ – يوق؛ ۋە

3) جىنايەتنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتقاندا، تەكشۈرۈشنىڭ ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا پايدىسى يوق دەپ قاراشقا بولىدىغان ماھىيەتلىك سەۋەبلەر ھېلىھەم مەۋجۇتمۇ – يوق.

ئەگەر تەپتىش ئەمەلدارى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا مۇۋاپىق دەلىل يوق دەپ جەزم قىلسا، شۇنداقلا ئۇنىڭ قارارى تامامەن يۇقىرىقى 3 – تۈرگە ئاساسەن چىقىرىلغان بولسا، بۇنى تەپيارلىق سوتقا بىلدۈرۈشى كېرەك.

2. تەپتىش ئەمەلدارى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى سەۋەبلەرگە ئاساسەن ئەرز سۈنۇشقا يېتەرلىك ئاساس يوق دەپ هۆكۈم قىلسا بولىدۇ:

1) 58 – ماددا بويىچە قولغا ئېلىش بۇيرۇقى ياكى چاقىرىقنامە چىقىرىشنى تەلەپ قىلىشقا ئاساس بولالىغۇدەك يېتەرلىك قانۇن ياكى پاكىت ئاساسى بولمىسا؛

2) 17 – ماددىغا ئاساسەن مەزكۇر دېلونى قوبۇل قىلىشقا بولمىسا؛ ياكى

3) جىنايەتنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ مەنپەئەتى، شىكايەت قىلىنغان ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ يېشى ياكى كېسىلى، شۇنداقلا بۇلارنىڭ شىكايەت قىلىنغان جىنايەتتىكى رولى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتقاندا، ئەيىبلەشنىڭ ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا پايدىسى بولمىسا؛

بۇ خىل ئەھۋالدا، تەپتىش ئەمەلدارى ئۆزى چىقارغان يەكۈن ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى تەپيارلىق سوتقا ۋە 14 – ماددىغا ئاساسەن ئەھۋال مەلۇم قىلغان دۆلەتلەرگە ياكى 13 – ماددىنىڭ 2 – تۈرگە ئاساسەن ئەھۋال مەلۇم قىلغان خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە بىلدۈرۈشى كېرەك.

3. 1) ئەگەر 14 – ماددىغا ئاساسەن ئەھۋال مەلۇم قىلغان دۆلەتلەر ياكى 13 – ماددىنىڭ 2 – تۈرگە ئاساسەن ئەھۋال مەلۇم قىلغان خەۋپسىزلىك كېڭىشى تەلەپ قىلسا، تەپيارلىق سوت تەپتىش ئەمەلدارى 1 – ياكى 2 – تارماققا ئاساسەن چىقارغان ئەيىبلىمەسلىك قارارىغا قايتىدىن قاراپ چىقسا، شۇنداقلا تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ مەزكۇر قارارنى قايتا مۇھاكىمە قىلىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

2) بۇنىڭدىن سىرت، ئەگەر تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ تەكشۈرمەسلىك ياكى ئەيىبلىمەسلىك قارارى تامامەن 1 –تارماقنىڭ 3 –تۈرى ياكى 2 – تارماقنىڭ 3 – تۈرى ئاساسىدا چىقىرىلغان بولسا، تەپيارلىق سوت ئۆزلۈكىدىن مەزكۇر قارارغا قاراپ چىقسا بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ قارارى چوقۇم تەپيارلىق سوت ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

4. تەپتىش ئەمەلدارى ھەرۋاقىت يېڭى پاكىت ياكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، تەكشۈرۈشنى باشلاش ياكى ئەيىبلەش ھەققىدە چىقىرىلغان قارارنى قايتىدىن قاراپ چىقسا بولىدۇ.

## ئەللىك تۆتىنچى ماددا

## تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ تەكشۈرۈش جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقى

1. تەپتىش ئەمەلدارى:

1) ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، بارلىق ئالاقىدار پاكىت ۋە ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈپ، مەزكۇر ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن جىنايى جاۋابكارلىقى بار – يوقلۇقىغا هۆكۈم قىلىشى كېرەك.

2) مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ، مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتلەرنى ئۈنۈملۈك تەكشۈرۈش ۋە ئەيىبلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. تەكشۈرۈش داۋامىدا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ۋە گۇۋاھچىنىڭ ياش قۇرامى، 7 – ماددىدا بېكىتىلگەن جىنس ئايرىمىسى، سالامەتلىك ئەھۋالى قاتارلىق مەنپەئەتلىرى ۋە شەخسىي ئەھۋالىغا ھۆرمەت قىلىشى، شۇنداقلا جىنايەتنىڭ خاراكتېرىنى، بولۇپمۇ جىنسىي زوراۋانلىق، جىنس زوراۋانلىقى ۋە بالىلارغا زوراۋانلىق قىلىشقا ئالاقىدار جىنايەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك؛ ۋە

3) مەزكۇر ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن خۇسۇسىي ھوقۇقلارغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

2. تەپتىش ئەمەلدارى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا، بىر دۆلەتنىڭ چېگراسى ئىچىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارسا بولىدۇ:

1) توقۇزىنچى بۆلۈمنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن؛ ياكى
2) 57 – ماددىنىڭ 3- تارماق 4 – تۈرىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن تەييارلىق سوت تەرىپىدىن ھوقۇق بېرىلگەندە.
3. تەپتىش ئەمەلدارى:
1) دەلىل – ئىسپاتلارنى توپلىسا ۋە تەكشۈرسە بولىدۇ؛
2) تەكشۈرۈلگۈچى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياكى گۇۋاھچىلارنىڭ سوتقا كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلاردىن سوئال سورىسا بولىدۇ؛
3) ھەرقانداق دۆلەت ياكى ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلات ياكى ئورۇنلاشتۇرمىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ۋە (ياكى) ۋەزىپە بەلگىلىمىسى بويىچە ئۇزى بىلەن ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ؛
4) دۆلەت، ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلات ياكى شەخسلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشقا پايدىلىق زۆرۈر ئورۇنلاشتۇرمىلار ۋە كېلىشىملەرنى تۈزۈشسە بولىدۇ، لېكىن بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرما ياكى كېلىشىملەر مەزكۇر ئەھدىنامە بىلەن توقۇنۇشماسلىقى كېرەك.
5) دەۋانىڭ ھەرقانداق باسقۇچىدا ئۇزى مەخپىي شەرت ئاستىدا ئېرىشكەن، يېڭى دەلىل - ئىسپاتلارنى ھاسىل قىلىشقىلا ئىشلىتىلىدىغان ھۆججەت ياكى ماتېرىياللارنى ئاشكارىلىماسلىققا قوشۇلسا بولىدۇ. بۇ ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن بىر تەرەپ ئاشكارىلاشقا قوشۇلغان ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا؛ ۋە
6) ئۇچۇرلارنىڭ مەخپىيلىككە كاپالەتلىك قىلىش، كىشىلەرنى قوغداش ياكى دەلىل – ئىسپاتلارنى ئامان ساقلاش ئۈچۈن زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللانسا، ياكى زۆرۈر تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

## ئەللىك بەشىنچى ماددا

## تەكشۈرۈش داۋامىدا شەخسلەرنىڭ ھوقۇقى

1. مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئاساسەن تەكشۈرۈش داۋامىدا، شەخسلەر تۆۋەندىكىدەك ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ:
1) ئۆزىنىڭ جىنايىتى بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا ياكى جىنايەتنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلانماسلىقى كېرەك؛
2) ھەرقانداق شەكىلدىكى مەجبۇرلاش، بېسىم ياكى تەھدىتكە ئۇچرىماسلىقى؛ قىيىن – قىستاققا ئېلىنماسلىقى، ياكى باشقا ھەرقانداق شەكىلدىكى رەھىمسىز، ئىنسانىيلىققا زىت، ھاقارەتلىك مۇئامىلە ياكى جازاغا ئۇچرىماسلىقى كېرەك؛
3) سوئال سورالغان تىل مەزكۇر كىشى چۈشىنىدىغان ۋە ئىشلىتىدىغان تىل بولمىسا، لاياقەتلىك تەرجىمانىنىڭ ياردىمىگە، شۇنداقلا ئادالەتنى تەلەپ قىلىشتا زۆرۈر بولغان ھۆججەت تەرجىمىسىگە ھەقسىز ئېرىششى كېرەك؛ ۋە
4) خالىغانچە قولغا ئېلىنماسلىقى ياكى قاماپ قويۇلماسلىقى، شۇنداقلا مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن باشقا سەۋەبكە ۋە مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن باشقا تەرتىپلەرگە ئاساسەن ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنماسلىقى كېرەك.
2. ئەگەر بىراۋنىڭ مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتنى سادىر قىلغانلىقىغا ئىشەنگۈدەك سەۋەب بار بولسا، مەزكۇر كىشى تەپتىش ئەمەلدارى تەرىپىدىن سوراق قىلىنىش ئالدىدا، ياكى دۆلەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن توققۇزىنچى بۆلۈمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپكە ئاساسەن سوراق قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان بولسا، مەزكۇر كىشى يەنە تۆۋەندىكىدەك ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ، شۇنداقلا سوراق باشلىنىشتىن ئىلگىرى بۇ ھوقۇقلىرى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈلۈشى كېرەك:
1) سوراق قىلىنىشتىن ئىلگىرى، مەزكۇر كىشىنىڭ مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى

جىنايەتنى سادىر قىلغانلىقىغا ئىشەنگۈدەك سەۋەب بارلىقى ئۈنىڭغا بىلدۈرۈلۈشى كېرەك؛
2) سۈكۈتتە تۇرۇش ھوقۇقى بارلىقى، شۇنداقلا بۇ خىل سۈكۈتتە تۇرۇشنىڭ جىنايىتى بار ياكى جىنايىتى يوق دەپ ھۆكۈم چىقىرىشتا نەزەردە تۇتۇلىدىغان ئامىللاردىن ئەمەسلىكى؛
3) ئۆزى تاللىغان قانۇنىي ياردەمگە ئېرىشەلەيدىغانلىقى؛ ياكى قانۇن ياردىمى بولمىغان ئەھۋالدا، ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندا، ئۇنىڭغا قانۇنىي ياردەم بېرىلىدىغانلىقى، ئەگەر بۇنىڭ خىراجىتىنى تۆلەشكە قۇربى يەتمىسە، بۇ خىل ياردەمنىڭ ھەقسىز تەمىنلىنىدىغانلىقى؛ ۋە
4) مەزكۇر كىشى ئۆزى ئادۋوكاتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچمىگەنلا بولسا، سوراق قىلىنغاندا ئادۋوكاتنىڭ شۇ مەيداندا بولىدىغانلىقى؛

## ئەللىك ئالتىنچى ماددا

## تەييارلىق سوتنىڭ ئالاھىدە تەكشۈرۈش پۇرستى جەھەتتىكى رولى

1. 1) ئەگەر تەپتىش ئەمەلدارى سوتلاش نۇقتىسىدىن، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ياكى بايانىنى ئېلىش، دەلىل - ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈش، توپلاش ياكى دەلىللەش ئۈچۈن مەلۇم بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بېرىشنى كېيىن قايتا قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئالاھىدە پۇرسەت دەپ قارىسا، بۇ ئەھۋالنى تەييارلىق سوتقا بىلدۈرۈشى كېرەك.
2) بۇ خىل ئەھۋالدا، تەييارلىق سوت تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن زۆرۈر تەدبىر قوللىنىپ، دەۋانىڭ ئۈنۈمىگە ۋە پۈتۈنلۈكىگە، بولۇپمۇ ئاقلىغۇچى تەرەپنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلسا بولىدۇ.
3) تەييارلىق سوت باشقا قارار چىقارمىغانلا بولسا، تەپتىش ئەمەلدارى يەنە 1 – تۈردە بايان قىلىنغان تەكشۈرۈش سەۋەبلىك قولغا ئېلىنغان ياكى سوتقا چاقىرىلغان كىشىنى ئالاقىدار ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، مەزكۇر كىشىنى شۇ ئىش ھەققىدە پىكىر بىلدۈرەلەيدىغان قىلىشى كېرەك.
2. 1 – ماددىنىڭ 2- تۈردە بايان قىلىنغان تەدبىرلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن:
1) بويسۇنۇشقا تېگىشلىك تەرتىپكە ئالاقىدار تەكلىپ ياكى بۇيرۇق بېرىش؛
2) مەزكۇر تەرتىپ ئۈچۈن خاتىرە قالدۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىش؛
3) ياردەملىشىش ئۈچۈن باھالىغۇچى تەيىنلەش؛
4) قولغا ئېلىنغان ياكى سوتقا چاقىرتىلغان كىشىنىڭ ئادۋوكاتىنىڭ قاتنىشىشىغا؛ ياكى قولغا ئېلىنمىغان، سوتقا بارمىغان، ئادۋوكات بېكىتمىگەن ۋاقىتتا، يەنە بىر ئادۋوكاتنى ئاقلىغۇچى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىش ئۈچۈن نەق مەيدانغا بېرىشقا تەيىنلىشىگە ھوقۇق بېرىش؛
5) تەييارلىق سوتنىڭ بىر نەپەر سوتچىسىنى تەيىنلەپ، ياكى زۆرۈر تېپىلغاندا تەييارلىق سوتنىڭ ياكى سوت كوللېگىيەسىنىڭ يەنە بىر نەپەر يۆتكەپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان سوتچىسىنى تەيىنلەپ، دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ توپلىنىشى ــ ساقلىنىشىنى ۋە كىشىلەرنى سوراق قىلىش جەريانىنى نازارەت قىلىش، ھەم شۇ خۇسۇستا تەكلىپ بېرىش ياكى بۇيرۇق قىلىش؛
6) دەلىل - ئىسپاتلارنى توپلاش ــ ساقلاش ئۈچۈن زۆرۈرىيىتى بولۇشى مۇمكىن بولغان باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىش.
3. 1) ئەگەر تەپتىش ئەمەلدارى مەزكۇر ماددىنىڭ تەلىپى بويىچە تەدبىر قوللانمىسا، لېكىن تەييارلىق سوت دەۋادا ئاقلىغۇچى تەرەپكە نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىغان دەلىل - ئىسپاتنى قوغداش ئۈچۈن ئاشۇ تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى زۆرۈر دەپ قارىسا، تەپتىش ئەمەلدارىدىن ئۇنىڭ يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلماسلىقتا يېتەرلىك سەۋەبى بار – يوقلۇقى ھەققىدە ئەھۋال ئىگىلىشى كېرەك. ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئەگەر تەييارلىق سوت تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى قوللانماسلىق سەۋەبى يوق دەپ ھۆكۈم

قىلسا، ئۆز ئالدىغا مۇشۇ تەدبىرلەرنى قوللانسا بولىدۇ.
2) تەپتىش ئەمەلدارى تەيىيارلىق سوتىنىڭ مەزكۇر تارماق بويىچە ئۆز ئالدىغا تەدبىر قوللىنىش قارارىغا قارىتا نارازىلىق ئەرزى سۇنسا بولىدۇ. نارازىلىق ئەرزى تېزدىن قاراپ چىقىلىشى كېرەك.
4. مەزكۇر ماددىغا ئاساسەن، سوتلاش ئۈچۈن ئامان ساقلانغان ياكى توپلانغان دەلىل – ئىسپات ياكى باشقا خاتىرىلەرنىڭ پايدىلىنىشچانلىقىغا، سوتلاش جەريانىدا 69 – ماددىغا ئاساسەن قارار بېرىلىشى كېرەك، ھەم ئۇنىڭ ئىسپاتلاش كۈچى سوت كوللېگىيەسى تەرىپىدىن بېكىتىلىشى كېرەك.

## ئەللىك يەتتىنچى ماددا

## تەييارلىق سوتىنىڭ فۇنكسىيەسى ۋە ھوقۇقى

1. مەزكۇر ئەھدىنامىدە ئايرىم بەلگىلىمە بولمىغانلا بولسا، تەييارلىق سوت مەزكۇر ماددا بويىچە ئۆز فۇنكسىيەسىنى ئادا قىلىشى كېرەك.
2. 1) تەييارلىق سوت 15- ماددا، 18- ماددا، 19- ماددا، 54- ماددا 2 – تارماق، 61 – ماددا 7 – تارماق ۋە 72 – ماددىلارغا ئاساسەن چىقارغان بۇيرۇق ياكى ھۆكۈم تەييارلىق سوتتىكى سوتچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈشى كېرەك.
2) باشقا بارلىق ئەھۋاللاردا، تەييارلىق سوتىنىڭ بىر نەپەر سوتچىسى مەزكۇر ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن فۇنكسىيەنى يالغۇز ئىجرا قىلسا بولىدۇ، لېكىن «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى»نىڭ ئايرىم بەلگىلىمىلىرى بولغان، ياكى تەييارلىق سوتتىكى سوتچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ ئايرىم قارارى بولغان ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا.
3. مەزكۇر ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن باشقا فۇنكسىيەلەردىن سىرت، تەييارلىق سوتىنىڭ يەنە تۆۋەندىكىدەك ھوقۇقلىرى بار:
1) تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتا زۆرۈر بولغان بۇيرۇق ياكى ھوقۇق بېرىش بۇيرۇقىنى چىقىرىش؛
2) 58 – ماددىغا ئاساسەن قولغا ئېلىنغان ياكى سوتقا چاقىرتىلغان كىشىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، 56 – ماددىدا بايان قىلىنغان تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زۆرۈر بۇيرۇقلارنى چىقىرىش؛ ياكى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىغا تەييارلىق ياردەملىشىش ئۈچۈن توققۇزىنچى بۆلۈمگە ئاساسەن زۆرۈر ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش؛
3) زۆرۈر تېپىلغاندا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ۋە گۇۋاھچىلارنى ھەم ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قوغداش، دەلىل - ئىسپاتلارنى ئامان ساقلاش، قولغا ئېلىنغان ياكى سوتقا چاقىرىلغان كىشىنى قوغداش ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك ئۇچۇرلىرىنى قوغداش ھەققىدە بۇيرۇق چىقىرىشى كېرەك؛
4) ئەگەر تەييارلىق سوت ئالاقىدار ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەتنىڭ پىكرىنى ئىمكانىقەدەر نەزەردە تۇتقاندىن كېيىن ئەھۋالغا ئاساسەن ئەھدىنامە تۈزگۈچى مەزكۇر دۆلەت توققۇزىنچى بۆلۈمدە بەلگىلەنگەن ھەمكارلىق ئىلتىماسىنى ئىجرا قىلىشقا ھوقۇقلۇق ھەرقانداق دائىرە ياكى ئەدلىيە تۈزۈلمىسىدىكى ھەرقانداق ئورگاننىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى سەۋەبلىك مەزكۇر ھەمكارلىق ئىلتىماسىنى ئىجرا قىلالمايدۇ دەپ ھۆكۈم قىلغان بولسا، تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ توققۇزىنچى بۆلۈمنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن مەزكۇر دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن ئەھۋالدا، شۇ دۆلەتنىڭ چېگراسى ئىچىدە ئالاھىدە تەكشۈرۈش باسقۇچلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا ھوقۇق بەرسە بولىدۇ.
5) ئەگەر 58 – ماددىغا ئاساسەن قولغا ئېلىش بۇيرۇقى ياكى چاقىرىقنامە چىقىرىپ بولغان بولسا، مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ ۋە «تەرتىپ ۋە دەلىل - ئىسپات نىزامى»نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، دەلىل - ئىسپات ۋە

ئىسپاتلاش كۆچىنى ۋە ئالاقىدار دەۋالاشقۇچى تەرەپلەرنىڭ هوقۇقىنى مۇۋاپىق نەزەردە تۇتقان ئەھۋالدا، 93 – ماددا 1 – تارماق 11 – تۈرگە ئاساسەن دۆلەتلەردىن ھەمكارلىق ئىزدەپ، مال – مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىشنى، بولۇپمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئاداققى مەنپەئەتى ئۈچۈن قوغداش خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىش.

## ئەللىك سەككىزىنچى ماددا

### تەييارلىق سوت قولغا ئېلىش ياكى سوتقا چىقىش ئۇقتۇرۇشىنى چىقىرىدۇ

1. تەكشۈرۈش باشلانغاندىن كېيىن تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، تەييارلىق سوت تەپتىش ئەمەلدارى تاپشۇرغان ئىلتىماسنامە، ئىسپات ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقا ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئەگەر تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئوتتۇرىغا چىقسا، مەھكىمە مەلۇم شەخسنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى چىقىرىشقا هوقۇقلۇقتۇر:
1) مەزكۇر شەخسنىڭ مەھكىمىنىڭ سوتلاش هوقۇقى ئىچىدە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئىشەندۈرىدىغان ئۇيغۇن سەۋەبلەر بولسا، ۋە
2) تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەزكۇر شەخسنىڭ قولغا ئېلىنىشى زۆرۈر بولسا:
(1) مەزكۇر شەخسنىڭ سوت ئېچىلغان ۋاقىتتا سوتقا چىقالىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن؛
(2) مەزكۇر شەخسنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ياكى سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت جەريانىغا توسالغۇ پەيدا قىلماسلىقىنى ۋەياكى زىيانكەشلىك قىلماسلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن؛
(3) زۆرۈر بولغاندا مەزكۇر شەخسنىڭ ئوخشاش جىنايەتنى داۋاملاشتۇرۇشىنى ياكى مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە ئوخشاش ئەھۋالدا مۇناسىۋەتلىك جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى توسۇش ئۈچۈن؛
2. تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئىلتىماسنامىسى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك:
1) شەخسنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقا ھەر قانداق ماتېرىياللار؛
2) شەخسنىڭ قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن، مەھكىمىنىڭ هوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنىڭ تەپسىلاتى؛
3) شىكايەتنىڭ بۇ جىنايەتنىڭ راست يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى قىسقىچە بايان؛
4) مەزكۇر شەخسنىڭ بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىكى يېتەرلىك دەرىجىدە كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىل-ئىسپات ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقا ماتېرىياللارنىڭ مۇھىم قىسىملىرى، شۇنداقلا
5) تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ مەزكۇر شەخسنى چوقۇم قولغا ئېلىش كېرەك دەپ قارىشىنىڭ سەۋەبى.
3. قولغا ئېلىش بۇيرۇقى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك:
1) شەخسنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئۇنىڭ كىملىكىگە باشقا ھەر قانداق ماتېرىياللار؛
2) شەخسنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا سەۋەب بولغان، مەھكىمىنىڭ هوقۇق دائىرىسى ئىچىدىكى جىنايەتلەرنىڭ ئېنىق تەپسىلاتى؛
3) بۇ جىنايەتلەرنى تەشكىل قىلغان ھەرىكەتلەرنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى؛
4. مەھكىمە تەرىپىدىن باشقا خىل قارار چىقىرىلمىغانلىقى مۇددەتتە، تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى داۋاملىشىدۇ.
5. مەھكىمە قولغا ئېلىش بۇيرۇقىغا ئاساسەن، توققۇزىنچى تارماقتىكى بەلگىمە بويىچە مەزكۇر شەخسنىڭ ۋاقىتلىق قولغا ئېلىنىشىنى، ياكى قولغا ئېلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلالايدۇ.
6. تەپتىش ئەمەلدارى تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسىدىن تۇتۇش بۇيرۇقىدا يەر ئالغان جىنايەتنى ئۆزگەرتىشنى ياكى ئۇنىڭغا يېڭى جىنايەتلەرنى قوشۇشنى تەلەپ قىلالايدۇ. تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسى

شەخسنىڭ ئۆزگەرتىلىشى تەلەپ قىلىنغان جىنايەتنى ياكى يېڭىدىن قوشۇلۇشى تەلەپ قىلىنغان جىنايەتلەرنى ئىشلىگەنلىكى قانائەتلەنسە، تۇتۇش بۇيرۇقىنى تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ تەلەپ قىلغىنىغا ئاساسەن تۈزىتىدۇ.

7. تەپتىش ئەمەلدارى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىشنى تەلەپ قىلىشتىن سىرت، شەخسنىڭ سوتقا چىقىشى ئۈچۈن چاقىرىقنامە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلالايدۇ. ئەگەر تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسى شەخسنىڭ ئەيىبنامىدىكى جىنايەتلەرنى قىلغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدىغان سەۋەبلەر يېتەرلىك دەپ قارىسا، چاقىرىقنامە چىقىرىشى كېرەك بولىدۇ. شۇنداقلا چاقىرىقنامە شەخسنىڭ سوتقا چىقىشىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرەلەيدۇ دەپ قارىسا، دۆلەت ئىچىدىكى قانۇن نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ئەركىنلىكىنى چەكلەش (تۇتۇپ تۇرۇش سىرتىدا) ياكى چەكلىمەسلىك شەرتى بويىچە، شەخسنى سوتقا چاقىرالايدۇ. چاقىرىقنامە تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك:

1) شەخسنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئۇنىڭ سالاھىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا ھەرقانداق ماتېرىياللار؛

2) شەخسنىڭ سوتقا چىقىشى ۋاقتى؛

3) شەخسنىڭ ئىشلىگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ۋە مەھكىمىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە كىرگەن جىنايەتلىرىنىڭ تەپسىلىي مەلۇماتى؛

4) جىنايەتنى قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ھەرىكەتلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى.

چاقىرىقنامە شەخسكە يەتكۈزۈلىدۇ.

## ئەللىك توققۇزىنچى ماددا

## دۆلەت ئىچىدە قولغا ئېلىش تەرتىۋى

1. شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ياكى قولغا ئېلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان، ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنى ۋە مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ توققۇزىنچى تارمىقىغا بىنائەن، مۇناسىۋەتلىك شەخسنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن دەرھال مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرگە كىرىشىدۇ.

2. قولغا ئېلىنىشى كېرەك بولغان شەخس تېزدىن شۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇشىغا ئەۋەتىلىشى كېرەك. ئۇشبۇ ئەڭ يۇقىرى ئەدلىيە ئورگىنى ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنىغا بىنائەن تۆۋەندىلىكلەرنى بېكىتىشى كېرەك:

1) تۇتۇش بۇيرۇقىنى شۇ شەخسكە ئالاقىدار ياكى ئەمەسلىكىنى؛

2) شەخسنىڭ ئۇيغۇن تەرتىپكە ئاساسەن تۇتۇلغانلىقىنى، ۋە

3) شەخسنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنىشىنى.

3. قولغا ئېلىنغان شەخس ئۆزىنى قولغان ئالغان دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەدلىيە ئورگىنىغا ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىلىشنى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقىغ ئىگە بولىدۇ.

4. شەخسنى تۇتۇپ تۇرغان دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرى يۇقارقى ھەرقانداق ئىلتىماس توغرىسىدا قارار چىقىرىشتىن ئاۋۋال، ئىشلەنگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن جىنايەتلەرنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە ئاساسەن شەخسنى ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىشكە بولىدىغان ئالاھىدە سەۋەبلەرنىڭ بار يوقلۇقىغا، ھەمدە شەخسنى قولدا تۇتۇپ تۇرغان دۆلەتنىڭ شەخسنى سوتقا تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالىشى ئۈچۈن يېتەرلىك كاپالەتنىڭ بار يوقلۇقىغا قاراپ چىقىدۇ. شەخسنى تۇتۇپ تۇرغان دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىڭ تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ ئەللىك سەككىزىنچى ماددا، بىرىنچى تارماق، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۈردىكىگە ئۇيغۇن ھالدا چىقىرىلغان، چىقىرىلمىغانلىقى توغرۇلۇق تەكشۈرۈپ چىقىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

5. ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىش توغرىسىدىكى ھەر قانداق تەلەپ تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسىگە خەۋەر قىلىنىشى، تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسى بۇنىڭغا بىنائەن شەخسنى تۇتۇپ تۇرغان دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك

ئورگانلىرىغا پىكىر-تەكلىپ سۇنۇشى كېرەك. شەخسنى تۇتۇپ تۇرغان دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرى قارار چىقىرىشتىن ئاۋۋال شەخسنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساستا تەييارلىق تارماق سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ تەۋسىيەلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق ئويلىشىپ چىقىدۇ.

6. شەخس ۋاقىتىنچە قويۇپ بېرىلگەن ئەھۋالدا، تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسى ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىش ئەھۋالى توغرۇلۇق قەرەللىك دوكلات تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

7. شەخسنى تۇتۇپ تۇرغان دۆلەت شەخسنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى چىقارغان چاغدا، شەخسنى ئەڭ تېز مۇددەتتە مەھكىمىگە يالاپ ئېلىپ كېلىشى كېرەك.

## ئاتمىشىنچى ماددا

## سوتتىن ئاۋۋال ئەيىبلەشنى مۇقەررەرلەشتۈرۈش

1. شەخس مەھكىمىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەندە، ياكى ئۆزى خالاپ ۋەياكى سوت چاقىرىقىغا بىنائەن سوتقا چىققاندا، تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسى شەخسنىڭ قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن جىنايەتلەردىن ۋە ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىلىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، بۇ قائىدە نىزامىغا مۇناسىۋەتلىك ھەقلەردىن شەخسنىڭ خەۋەردار بولغانلىقىنى ئېنىق جەزم قىلىشى كېرەك.

2. تۆتۈش بۇيرۇقىغا دۇچ كەلگەن شەخس سوت باشلانغا قەدەر ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىلىشنى تەلەپ قىلالايدۇ. تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسى شەخستە 58-ماددا، 1-تۆردىكى ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى قانائىتىدە بولسا، شەخس تۇتۇپ تۇرۇلۇشى داۋاملىشىدۇ. ناۋادا شەخستە بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت بولمىسا، تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسى شەخسنى شەرتسىز ياكى شەرتسىز ھالدا قويۇپ بېرىدۇ.

3. تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسى قەرەللىك ھالدا شەخسنى قويۇپ بېرىش ياكى تۇتۇپ تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك قارارغا قايتا قاراپ چىقىدۇ. شۇنداقلا، خالىغان ۋاقىتتا تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ياكى شەخسنىڭ تەلىپى بويىچە قارارغا قايتا قاراپ چىقىدۇ. قايتا قاراپ چىققاندىن كېيىن ئەھۋالدا ئۆزگۈرۈش بولغانلىقىنى جەزم قىلسا، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزى چىقارغان تۇتۇپ تۇرۇش، قويۇپ بېرىش ياكى قويۇپ بېرىش شەرتلىرى توغرىسىدىكى ھۆكمىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزسە بولىدۇ.

4. تەييارلىق تارماق سوت مەھكىمىسى تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ سەۋەبسىز سوزۇۋېتىشى سەۋەبلىك ھەر قانداق شەخسنىڭ سوتتىن ئاۋۋال ئۇيغۇنسىز ھالدا ئۇزۇن مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇلماسلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. بۇ خىل سوزۇۋېتىش يۈز بەرگەندە، مەھكىمە شەخسنى شەرتلىك ياكى شەرتسىز ھالدا قويۇۋېتىشنى ئويلىششى كېرەك.

5. زۆرۈر تېپىلغاندا تەييارلىق تارماق سوت مەھكىمىسى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چىقىرىپ، قويۇپ بېرىلگۈچىنى سوتتا ھازىر بولۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

## ئاتمىش بىرىنچى ماددا

## سوتتىن ئاۋۋال ئەيىبلەشنى مۇقەررەرلەشتۈرۈش

1. ئىككىنچى تارماقتىكى بەلگىلىمىدىن سىرت، شەخس مەھكىمىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەندە ياكى ئۆزى خالاپ مەھكىمىگە كېلىپ سوتقا قاتناشقان بىر بۆلۈك ۋاقىت ئىچىدە، تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسى تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ سوتلاش تەلىپىنى ماقۇللاش ئۈچۈن بىر قېتىملىق سوراق ئېلىپ بارىدۇ. سوراق تەپتىش ئەمەلدارى، ئەيىبلەنگەن شەخس ۋە ئادۋۇكات قاتارلىقلار نەق مەيداندا بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

2. تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسى تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ تەلىپى بويىچە ياكى ئۆز قارارى بويىچە ئەيىبلەنگۈچى شەخس نەق مەيداندا بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا سوراق ئېلىپ بېرىپ، تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ سوتلاش تەلىپىنى ماقۇللايدۇ:

1) ئەيىبلەنگۈچى شەخس سوتقا چىقىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچسە؛ ياكى

2) ئەيىبلەنگۈچى شەخس قېچىپ كەتكەن ياكى ئىزدېرىكى بولمىسا؛ شۇنداقلا، شەخسنىڭ سوتقا چىقىشىغا ئائىت بارچە زۆرۈر ۋاستىلەر قوللىنىلغان، ئەيىبنامە شەخسكە بىلدۈرۈلگەن ۋە ئۇ پات ئارىدا سوراق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەردار قىلىنغان بولسا.

بۇنداق ئەھۋالدا، ئەگەر تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسى ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا پايدىلىق دەپ قارالسا، ئادۋۇكات ئەيىبلەنگۈچى شەخسكە ۋەكىل بولىدۇ.

3. سوراقتىن ئاۋۋالقى بىر بۆلۈك ئۇيغۇن ۋاقىت ئىچىدە، ئەيىبلەنگۈچى شەخس:

1) تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئەيىبلەنگۈچى شەخسنى سوتقا تاپشۇرۇشىغا ئاساس بولغان بارلىق ئەيىبلەشلىرىدىن بىر نۇسخىسىنى تاپشۇرۇۋالغان بولۇشى، ۋە

2) تەپتىش ئەمەلدارى سوراق جەريانىدا پاكىت سۈپىتىدە ئىشلىتىدىغان دەلىل-ئىسپاتلاردىن خەۋەردار قىلىنغان بولۇشى كېرەك.

تەيىيارلىق سوت تارماق مەھكىمىسى سوراقنىڭ مەقسىدى سەۋەبلىك مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ئاشكارلاش بۇيرۇقى چۈشۈرەلەيدۇ.

(4) سوراقتىن ئىلگىرى تەپتىش ئەمەلدارى تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرسا، شۇنداقلا ھەر قانداق ئەيىپلەشنى ئۆزگەرتسە ياكى ئەمەلدىن قالدۇرسا بولىدۇ. ئەيىبلەشتىن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەنلىرى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىرى سوراقتىن ئاۋۋال ئۇيغۇن رەۋىشتە شەخسكە بىلدۈرۈلىدۇ. ئەيىبلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندا تەپتىش ئەمەلدارى ئەمەلدىن قالدۇرۇش سەۋەبىنى تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسىگە خەۋەر قىلىدۇ.

5. سوراق جەريانىدا، تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ھەر بىر ئەيىپلەش ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە دەلىل-ئىسپاتى بولۇشى، شەخسنىڭ ئەيىبنامىدىكى جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلغانلىقىنى رېئال سەۋەبلىك ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىقىشى كېرەك. تەپتىش ئەمەلدارى يېزىق ھالىتىدىكى دەلىل ئىسپاتلارنى ياكى دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ ئاساسلىقلىرىنى كۆرسەتسە بولىدۇ. تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ سوراقتا گۇۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچىلارنى ھازىر قىلىشى كېرەك ئەمەس.

6. سوراقتا شەخس:

1) ئەيىپلەشكە قارشى پىكىردە بولسا بولىدۇ؛

2) تەپتىش ئەمەلدارى ئوتتۇرىغا قويغان دەلىل-ئىسپاتلاردىن گۇمانلانسا بولىدۇ؛ شۇنداقلا،

3) ئۆزى دەلىل-ئىسپاتلارنى كۆرسەتسە بولىدۇ.

7. تەييارلىق سوت تارماق مەھكىمىسى سوراققا ئاساسەن شەخسنىڭ ئەيىبنامىدە تىلغا ئېلىنغان ھەرقايسى جىنايەتلەرنى قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ يېتەرلىك ياكى ئەمەسلىكىنى بېكىتىدۇ. تەييارلىق سوتنىڭ بۇنىڭغا ئاساسەن قىلىدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) يېتەرلىك دەلىل بار دەپ قارىغان ئەيىبلەشلەرنى تەستىقلايدۇ، شەخسنى ئۇشبۇ ئەيىبلەشلەر سەۋەبلىك سوتلىنىشى ئۈچۈن ئۇنى سوت مەھكىمىسىگە يوللايدۇ.

2) تەييارلىق سوت دەلىل-ئىسپاتى تولۇق ئەمەس دەپ قارىغان ھەر قايسى ئەيىبلەشنىڭ تەستىقلىنىشىنى رەت قىلىدۇ.

3) سوراقنى توختىتالايدۇ ۋە تەپتىش ئەمەلدارىدىن تۆۋەندىكىلەرنى ئويلىششىنى تەلەپ قىلىدۇ:

(1) مەلۇم جەھەتتىكى ئەيىبلەش ئۈچۈن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپات كۆرسىتىشنى ياكى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى؛ ياكى

(2) ئوتتۇرىغا قويغان ئىسپات مەھكىمىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدىكى باشقا تۈرلۈك جىنايەتنى

شەكىللەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، مەلۇم جەھەتتىكى ئەيىبلىشنى ئۆزگەرتىشنى.
8. تەيىيارلىق سوت بىر تۈرلۈك ئەيىبلەشنى ماقۇللاشنى رەت قىلغاندا، تەپتىش ئەمەلدارى باشقا دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئەيىبلەشنىڭ قايتىدىن ماقۇللىشىنى تەلەپ قىلىشتىن چەكلەنمەيدۇ.
9. ئەيىبلەشنىڭ ماقۇللىنىشىدىن كېيىن ۋە سوتنىڭ باشلىنىشىدىن ئىلگىرى، تەپتىش ئەمەلدارى تەيىيارلىق سوتنىڭ رۇخستى بىلەن ئەيىبلەنگۈچى شەخسكە ئۇختۇرۇش قىلغاندىن كېيىن ئەيىبلەشنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئەگەر تەپتىش ئەمەلدارى يەنىمۇ ئەيىبلەشنى ياكى تېخىمۇ ئېغىر ئەيىبلەشنى ئەسلى ئەيىبلەشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى تەلەپ قىلغان تەقدىردە، بۇ تۈردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن سوراق ئېلىپ بېرىپ بۇ خىل ئەيىبلەشلىرىنى مۇقىملايدۇ. سوتتىن كېيىن، تەيىيارلىق سوتنىڭ قوشۇلىشى ئارقىلىق تەپتىش ئەمەلدارى ئەيىبلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتەلەيدۇ.
10. تەيىيارلىق سوت تەرىپىدىن ماقۇللانغان ياكى تەپتىش ئەمەلدارى تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان ئەيىبلەشلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشتا چىقىرىلغان ھەر تۈرلۈك تۇتۇپ تۇرۇش، قولغا ئېلىش بۇيرۇقلىرىنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالىدۇ.
11. ئەيىبلەشلەر بۇ ماددىغا كۆرە ماقۇللانغاندىن كېيىن، مەھكىمە ھەيئىتى بىر سوت كوللېگىيىسى تەشكىللەپ، بۇ ماددىنىڭ 8-تۈرى بىلەن 64-ماددىنىڭ 4-تۈرى دائىرىسىدە سوت مەشغۇلاتلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ۋە تەيىيارلىق سوتنىڭ بۇ مەشغۇلاتتا قوللانغان ھەر تۈرلۈك ۋاستىلىرىغا بۇ سوت كوللېگىيىسى جاۋابكار بولىدۇ.

## ئالتىنچى بۆلۈم: سوتلاش

### ئاتمىش ئىككىنچى ماددا

### سوت ئېچىلىدىغان ئورۇن

باشقىچە قارار بولمىغان ئەھۋالدا، سوت مەھكىمىدە ئېچىلىدۇ.

### ئاتمىش ئۈچىنچى ماددا

### ئەيىبلەنگۈچى شەخسنىڭ سوتقا چىقىشى

1. سوت ئېچىلغاندا ئەيىبلەنگۈچى شەخس نەق مەيداندا بولۇشى كېرەك.
2 ئەگەر مەھكىمىدە سوتقا تارتىلغان ئەيىبلەنگۈچى شەخس توختىماستىن سوتنى مالىمان قىلسا، تەيىيارلىق سوت زۆرۈر تېپىلسا تېخنولوگىيىلىك ئىمكانلارنىڭ سايىسىدە ئەيىبلەنگۈچىنى زال سىرتىدا سوتنى كۆرۈپ تۇرۇشى ۋە ئادۇۋكاتىغا تەلىمات بېرەلىشى ئەمەلگە ئاشۇرالىشىغا تۇسقۇنلۇق بولماسلىق شەرتى بىلەن، ئەيىبلەنگۈچى زالنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىلىدۇ. بۇ چەكلىمە پەقەتلا باشقا چەكلىمىلەر نەتىجە بەرمىگەندە قوللىنىلىدۇ، شۇنداقلا بۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغان مۇددەت ئىچىدىلا يۈرگۈزىلىدۇ.

### ئاتمىش تۆتىنچى ماددا

### سوت كوللېگىيىسىنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە ھوقۇقى

1. سوت كوللېگىيىسى بۇ ئەھدىنامىنىڭ ۋە «تەرتىپ ۋە دەلىل-ئىسپات نىزامى» غا ئاساسەن بۇ ماددىدىكى فۇنكسىيە ۋە ھوقۇقلارنى يۈرگۈزىدۇ.

2. سوت كوللېگىيىسى سوتنىڭ ئادىل ۋە ئوچۇق-ئاشكارە يۈرگۈزۈلىشىگە، ئەيىبلەنگۈچى شەخسنىڭ ھوقۇقلىرىغا يېتەرلىك دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىنىشىغا، شۇنداقلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ۋە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ قوغدىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

3. بۇ ئەھدىنامىگە بىنائەن دېلونى سوتلاشقا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، سوت ھاۋالە قىلىنغان سوت كوللېگىيىسى تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇندايدۇ:

1) تەرەپلەر بىلەن مەسلەھەتلىشىش ئاساسىدا سوت قەدەم-باسقۇچلىرىنىڭ ئادىل ۋە تېز ھالەتتە روياپقا چىقىشىغا ئاسانلىق يارىتىشىغا كېرەكلىك جەريانلارنى بەلگىلەيدۇ.

2) سوتتا ئىشلىتىلىدىغان تىل ياكى تىللارغا قاراپ چىقىدۇ.

3) بۇ ئەھدىنامىنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقا ھۆكۈملىرىگە رىئايە قىلىش شەرتى بىلەن، سوتقا ھازىرلىنىش ئۈچۈن سوت باشلاشتىن بىر مۇددەت ئاۋۋال، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئېنىقلاشمىغان ھۆججەت ۋە ئۇچۇرلارنىڭ ئېنىقلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

4. سوت كوللېگىيىسى ئۆز فۇنكسىيىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئادىل بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندا تەييارلىقتىكى بەزى مەسىلىلەرنى تەييارلىق سوتقا ئەۋەتىدۇ، ياكى تەييارلىق سوتتىكى مەلۇم بىر سوتچىغا ھاۋالە قىلىدۇ.

5. سوت كوللېگىيىسى ھەرقەيسى تەرەپلەرگە خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇن ھېسابلىسا بىردىن كۆپ ئەيىبلەنگۈچى ھەققىدىكى ئەيىبلەشلەرنىڭ بىرلەشتۈرۈلىشىنى ياكى ئايرىلىپ چىقىلىشىنى قارار قىلىدۇ.

6. سوت كوللېگىيىسى سوت باشلىنىشتىن ئىلگىرى ياكى سوتلاش داۋاملىشىۋاتقان پەيتتە، زۆرۈر تېپىلغاندا تۆۋەندىكىلەرنى قىلالايدۇ:

1) تەييارلىق سوت ئۈچۈن  ئاتىمىش بىرىنچى ماددىنىڭ ئون بىرىنچى تارمىقىدا بايان قىلىنغان خۇسۇسلاردىن ھەر قانداق بىرىنى يۈرگۈزەلەيدۇ.

2) گۇۋاھچىلارنىڭ سوتقا چاقىرتىپ گۇۋاھلىقىنى ئالالايدۇ، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشنى ۋە باشقا دەلىل-ئىسپاتلارنى تەلەپ قىلالايدۇ، زۆرۈر تېپىلسا مەزكۇر ئەھدىنامىدىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدۇ.

3) مەخپىي ھۆججەتلەرنىڭ قوغدىلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

4) ھەر قايسى تەرەپلەر سوتلىنىشتىن ئىلگىرى توپلىغان ياكى سوتلىنىشا دەرياندا ئوتتۇرىغا قويغان دەلىل ئىسپلاتلاردىن باشقا دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ تەمىنلىنىشىنى بۇيرۇق قىلىدۇ.

5) مۇناسىۋەتلىك باشقا خۇسۇسلاردا قارار چىقىرىدۇ.

7. سوت ئاشكارا ئېچىلىشى كېرەك. بىراق، سوت كوللېگىيىسى ئالاھىدە ئەھۋال بولسا 68-ماددىدىكى مەزمۇن بويىچە، ياكى دەلىل-ئىسپات سۈپىتىدە سۇنۇلغان مۇھىم ياكى سەزگۈرل ماتېرىياللارنى قوغدىلىشى ئۈچۈن مەلۇم شىكايەت جەريانلارنى يېپىق ھالەتتە ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

8. 1) سوت باشلانغاندا سوت كوللېگىيىسىدە تەييارلىق سوت تەستىقلىغان ئەيىبنامىنىڭ ئوقۇپ ئۆتۈلىشى كېرەك. سوت كوللېگىيىسى ئەيىبلەنگۈچىنىڭ ئەيىبلەشنىڭ خاراكتېرىنى بىلگەن بولۇشىنى جەزملەشتۈرۈشى، شۇنداقلا ئەيىبلەنگۈچىگە ئايتمىش بەشىنجى مادىدىغا ئاساسەن گۇناھىنى تونۇش ياكى گۇناھىنى ئىنكار قىلىش پۇرستىنى بېرىشى كېرەك.

2) سوت كوللېگىيىسى باشلىقى سوت جەريانىدا ئەيىبلىنىشنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن كۆرسەتمە بېرىدۇ. ئەيىبلىنىشنىڭ ئادىل شەكىلدە بولۇشى ئۈچۈن كۆرسەتمە بېرىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ئىش ئۇستىدىكى ھەر قايسى تەرەپ سوت كوللېگىيىسى باشلىقىنى كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلمىغان ئاساستا بۇ ئەھدىنامىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن دەلىل-ئىسپاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

9. سوت كوللېگىيىسى سوت كوللېگىيىسى يۇقارقىلاردىن سىرت تەرەپلەر ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرگە

نسبەتەن:

1) دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ۋە مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەسلىكىگە قارار قىلىدۇ.

2) سوت جەريانىدا تەرتىپنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان پۈتكۈل ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنى قوللىنىدۇ.

10. سوت كوللېگىيىسى سوت جەريانىنى ئۆز ئەينى بويىچە ئەكس ئەتتۈرگەن سوت خاتىرىسىنى تەييار قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ سوت خاتىرىسى نۇسخىسى باش پۈتۈكچى تەرىپىدىن ساقلىنىدۇ.

ئاتمىش بەشىنچى ماددا

جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلاتلار

1. ئەگەر ئەيىبلەنگۈچى 64-ماددىنىڭ 8-تارمىقى، 1-تۈرىگە بىنائەن جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلسا، سوت كولليېگىيىسى تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى مۇقەررەرلەشتۈرۈشى كېرەك:

1) ئەيىبلەنگۈچى جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاقىۋىتىنى بىلگەن بولۇشى؛

2) ئەيىبلەنگۈچى ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتتىن تەپسىلاتلارنى يېتەرلىك دەرىجىدە سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزى خالاپ جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلغان بولۇشى، ۋە

3) جىنايىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى دېلوغا ئالاقىدار دەلىل-ئىسپاتلار تەرىپىدىن دەلىللەنگەن بولۇشى ۋە تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك:

(1) تەپتىش ئەمەلدارى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئەيىبلەنگۈچى ئېتىراپ قىلغان ئەيىبلەش؛

(2) تەپتىش ئەمەلدارى تەرىپىدىن ئەيىبنامىنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن سۇنۇلغان ۋە ئەيىبلەنگۈچى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئۇيغۇنلۇق ۋە

(3) تەپتىش ئەمەلدارى ياكى ئەيىبلەنگۈچى تەرىپىدىن سۇنۇلغان گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقى قاتارلىق دەلىل-ئىسپاتلارغا ئۇيغۇنلۇق.

2. ئەگەر سوت كولليېگىيىسى ئەھۋالنىڭ 1-تارماقتا بايان قىلىنغانلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرسا، جىنايەت ئىقرارىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدىغان باشقا قوشۇمچە دەلىللەر بىلەن بىرلىكتە مۇقىملاشتۇرىدۇ، شۇندقلا جىنايەت ئىقرارىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان جىنايەت سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىققان بارلىق ئاساسلىق ئامىللارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھلىتىدە، ئەيىبلەنگۈچىگە بۇ جىنايەت سەۋەبلىك جازا ھۆكۈم قىلىدۇ.

3. ئەگەر سوت كولليېگىيىسى 1-تارماقتا بايان قىلىنغان خۇسۇسلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىقانلىقىنىغا قانائەتلەنمىسە، سوت كولليېگىيىسى دېلونى جىنايەتنى ئېتىراپ قىلمىغانلىق بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا سوت كولليېگىيىسى بۇ شەرتنامىدە بەلگىلەنگەن ئادەتتىكى سوت مەشغۇلاتى بويىچە سوت ئېچىلىش بۇيرۇقىنى چىقىرىدۇ، شۇنداقلا دېلونى باشقا سوت كولليېگىيىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا سۇنسا بولىدۇ.

4. ئەگەر سوت كولليېگىيىسى ئادىللىقنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى، بولۇپمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئادىللىقنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى كۆزلىسە، دېلونى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك تەپشۈرۈپ چىقىشى كېرەك، بۇ ھالدا سوت كولليېگىيىسىنىڭ تۆۋەندىكى مەشغۇلاتلارنى قايسى بىرىنى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ:

1) تەپتىش ئەمەلداردىن تېخىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا دەلىل-ئىسپات تەلەپ قىلىدۇ، گۇۋاھچى ۋە گۇۋاھلىق سۆزىمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە. ياكى،

2) بۇ ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن ئادەتتىكى سوت مەشغۇلاتى بويىچە سوت داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، دېلو جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىق بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، شۇنداقلا دېلونى باشقا سوت كولليېگىيىسىنى سوتلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولىدۇ.

5. تەپتىش ئەمەلدارى بىلەن ئاقلىغۇچى ئادۋۇكات ئارىسىدا ئەيىبلەشنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، جىنايەتنىڭ ئىقرارى ياكى ھۆكۈم قىلىنىدىغان جازا قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىپ بارغان ھەرقانداق كۆرۈشۈش مەھكىمە بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.

## ئاتمىش ئالتىنچى ماددا

## جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىك ھۆكمى

1. ھەر قانداق شەخس مەھكىمە تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلىدىغان قانۇنلارغ بىنائەن، جىنايىتى ئىسپاتلانغانغا قەدەر گۇناھسىزدۇر.
2. ئەيىبلەنگۈچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلاش تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.
3. ئەيىبلەنگۈچىنى گۇناھكار دەپ ھۆكۈم قىلىنىشى ئۈچۈن مەھكىمە ئەيىبلەنگۈچىنىڭ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىكىگە شۈبھە قالمىغۇدەك دەرىجىدە قانائەتلىنىشى كېرەك.

## ئاتمىش يەتتىنچى ماددا

## ئەيىبلەنگۈچىنىڭ ھەقلىرى

1. ھەر قانداق تۆردىكى ئەيىبلەش مۇقەررەرلەشتۈرۈلگەندە، ئەيىبلەنگۈچىنىڭ بۇ ئەھدىنامىدىكى ھەر قايسى بەلگىلىمىلەرگە ماس ھالدا سوراق قىلىنىش، سوراقنىڭ ئادىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىغا ئېرىشىش ھەققى بولىدۇ، شۇندىقلا تەڭ-باراۋەرلىك ئاساسىدا تۆۋەندىكى ئەڭ تۆۋەن كاپالەتلەرگە ئېرىشىش ھەققى بولىدۇ:
1) ئەيىبلەنگۈچىنىڭ ئۆزى ياخشى بىلىدىغان ۋە سۆزلىشىدىغان بىر تىلدا ئەيىبلەشنىڭ ماھىيىتى، سەۋەبى ۋە ئەيىبلەش مەزمۇنلىرىنى تېزدىن ۋە تەپسىلىي ھالدا خەۋەردار بولۇشى.
2) ئۆز خاھىشى بويىچە تاللىيالايدىغان بىر ئادۋۇكات بىلەن چەكلىمىسىز ھالدا كۆرۈشەلەش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولۇش ۋە ئەيىبلەنگۈچىگە ئۆزىنى ئاقلىشىغا تەييارلىنالىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت بېرىلگەن بولۇشى.
3) سەۋەبسىز ھالدا كېچىكتۈرۈلمەستىن سوتلىنىشى.
4) 63-ماددىنىڭ 2-تارمىقىغا رىئايە قىلىش شەرتى بىلەن سوتتا ھازىر بولۇشى، ئاقلىنىشى ئۆزى تەرىپىدىن ياكى ئۆزى تۆتقان ئادۋۇكات تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىشى، ئەگەر ئەيىبلەنگۈچىنى ئادۋۇكاتى بولمىس، بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇشى، ئادالەتنىڭ يۈكسەك مەنپەئەتلىرى بويىچە ھەر قانداق ئەھۋالدا ئەيىبلەنگۈچىنىڭ ماددىي ئىمكانلارغا ئىگە بولمىغان تەقدىردە مەھكىمە تەرىپىدىن ئەيىبلەنگۈچىگە ھەقسىز ئادۋۇكات تۇتۇپ بېرىلىشى.
5) ئەيىبلەنگۈچىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردىن مەھكىمىدە سوئال سوراش ۋە ئەيىبلەنگۈچىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىقى ئېلىنغان گۇۋاھچىلارنىڭكىگە ئوخشاش ھالدا، ئەيىبلەنگۈچىنىڭ پايدىسىغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرمۇ نەق مەيداندا بولۇشى ۋە پايدىسىغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردىنمۇ سوئال سورۇلۇشى؛ ئەيىبلەنگۈچىنىڭ بۇ ئەھدىنامىگە رىئايە قىلغان ئاسىستا ئۆزىنى ئاقلاشقا ۋە باشقا دەلىل-ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا ھەققى بار.
(6) مەھكىمىگە سۇنۇلغان ھەر قانداق ھۆججەتنىڭ ياكى سوراق قەدەم-باسقۇچلىرىدىن ھەر قانداق بىرى ئەيىبلەنگۈچى تولۇق چۈشىنىدىغان ۋە سۆزلەيدىغان تىل بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئەھۋالدا، ئادالەتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن پىشقان تەرجىماندىن بىرىنىڭ ياردىمىگە ھەق تۆلىمەستىن ئېرىشەلىشى؛

(7) گۇۋاھلىق بېرىشتە، جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىشتا ياكى سۈكۈت قىلىشتا مەجبۇرلانماسلىقى، ئەيىبلەنگۈچىنىڭ سۈكۈتى ئۇنىڭغا جىنايىتى بار ياكى جىنايىتى يوق دەپ ھۆكۈم چىقىرىشتا ئويلىشىلىدىغان ئامىل بولۇپ قالماسلىقى.

(8) ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قەسەم قىلماستىن ھەر تۈرلۈك يېزىقچە ياكى ئاغزاكى بايان قوللىنىشى؛

(9) دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ بۇرمىلىنىشىنى ياكى قارشى دەلىل ئارقىلىق يوققا چىقىرىلىش مەجبۇرىيىتى ئەيىبلەنگۈچىگە يۈكلەنمەسلىكى.

2. بۇ ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن باشقا ھەرقانداق ماتېرىياللارنى ئاشكارىلاش بەلگىلىمىسىدىن سىرت، ئەگەر تەپتىش ئەمەلدارى ئۆزى ئىگە بولغان دەلىل-ئىسپاتلار ئەيىبلەنگۈچىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ياكى گۇناھسىز بولۇش ئېھتىمالىنى ئىپادىلەيدۇ دەپ قارىسا، ياكى ئەيىبلەنگۈچىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى يەڭگىللىتىدۇ، ۋەياكى ئەيىبلىگۈچى تەرەپنىڭ دەلىل-ئىسپاتلىرىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قارىسا، تەپتىش ئەمەلدارى بۇ دەلىل-ئىسپاتلارنى تېزدىن ئاقلىغۇچى تەرەپكە ئاشكارىلايدۇ. بۇ تارماقتىكى ھۆكۈمنىڭ يۈرگۈزۈلىشىدە شۈبھىلەنسە، قارارنى مەھكىمە چىقىرىدۇ.

## ئاتمىش سەككىزىنچى ماددا

### زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ قوغدىلىشى ھەمدە سوتقا قاتنىششى

1. مەھكىمە مۇۋاپىق چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى، جىسمىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىكى ساغلاملىقىنى، قەدر-قىممىتىنى ۋە مەخپىيەتلىكلىرىنى قوغدايدۇ. بۇ چارە-تەدبىرلەرنى قوللانغاندا مەھكىمە ياش-قورامى، يەتتىنچى ماددا، ئۈچىنچى تارماقتا بەلگىلەنگەن جىنسى، سالامەتلىك ئەھۋالى، شۇنداق جىنايەتنىڭ خاراكتېرى، بولۇپمۇ زوراۋانلىق ياكى جىنسىي زوراۋانلىق ۋە ياكى ياش-ئۆسمۈرلەرگە قىلىنغان زوراۋانلىق قاتارلىق تەرەپلەرنى ئويلىشىدۇ. بۇ خىل جىنايەتلەر تەكشۈرۈلىۋاتقان ۋە ئەرز قىلىنىۋاتقان پەيتتە، تەپتىش ئەمەلدارىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش چارە-تەدبىرلەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ خىل چارە-تەدبىرلەر ئەيىبلەنگۈچىنىڭ ھوقۇقىغا قارشى بولماسلىقى ۋە زىيان سالماسلىقى، شۇنداقلا سوتنىڭ ئادىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىش پىرىنسىپىغا قارشى بولماسلىقى كېرەك.

2. ئاتمىش يەتتىنچى ماددىدا بەلگىلەنگەن ئوچۇق-ئاشكارا سوراق قىلىش پىرىنسىپىدىن تاشقىرى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى، گۇۋاھچىنى ياكى ئەيىبلەنگۈچىنى قوغداش ئۈچۈن مەھكىمىنىڭ سوت كوللېگىيىسى ھەر قانداق قىسمىي شىكايەت قەدەم-باسقۇچلىرىنى ئاشكارىلىمىسا بولىدۇ. ياكى ئېلېكترونلۇق ۋە ياكى باشقا ئالاھىدە ئۇسۇلدا دەلىل-ئىسپات ئوتتۇرىغا قويۇشقا يول قويسا بولىدۇ. جىنسىي زوراۋانلىققا ئۇچرىغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياكى ياش-ئۆسمۈرلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولغان ۋەياكى گۇۋاھچى بولغان ئەھۋالدىمۇ بۇ خىل چرە-تەدبىر قوللىنىلىدۇ. مەھكىمە بارچە ئامىللارنى ئويلاشقان، بولۇپمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياكى گۇۋاھچىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باشقا خىل قارار چىقىرىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

3. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرايدىغان ئەھۋال بولسا، مەھكىمە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ پىكىرلىرىنىڭ ۋە ئەندىشىلىرىنىڭ مەھكىمە تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئۇيغۇن ۋاقىتتا ۋە ئەيىبلەنگۈچىنىڭ ھەقلىرى بىلەن ئادىل ۋە تەرەپسىز سوتلىنىش كېرەكلىكىنى زىيانغا ئۇچراتمايدىغان ۋە توسقۇنلۇق قىلمايدىغان شەكىلدە سۇنۇلىشىغا رۇخسەت قىلسا بولىدۇ. بۇ خىل پىكىر ۋە ئەندىشىلەر مەھكىمە ئۇيغۇن دەپ قارىغان تەقدىردە، ئۇسۇل ۋە دەلىللەرگە رىئايە قىلغان ئاساستا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ۋاكالەتچىلىرى تەرىپىدىن سۇنۇلىسىمۇ بولىدۇ.

4. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە گۇۋاچىلار 43-ماددىنىڭ 6-تارمىقىدا بەلگىلەنگىنى بويىچە قوغداش چارىلىرى، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى، مەسلىھەتچىلىك ۋە ياردەم قاتارلىقلاردا تەپتىش ئەمەلدارىغا ۋە مەھكىمىگە

مۇۋاپىق شەكىلدە تەۋسىيەلىرىنى سۇنالايدۇ.
5. بۇ ئەھدىنامە رامكىسى ئىچىدە دەلىل-ئىسپات ۋە ماتېرىياللارنىڭ سۇنۇلۇشى سەۋەبلىك گۇۋاھچىنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت يېتىدىغان ئەھۋاللاردا، تەپتىش ئەمەلدارى سوتلىنىشتىن ئاۋۋالقى قەدەم-باسقۇچلار جەھەتتىن مەۋجۇت دەلىل-ئىسپات ۋە ماتېرىياللارنى سۇنۇشتىن يالتايسا بولىدۇ، شۇنداقلا بۇلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سۇنۇش بىلەن كۇپايىلەنسە بولىدۇ. بۇ تەدبىرلەر ئەيىبلەنگۈچىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ۋەيا ئادىل ۋە تەرەپسىز سوتلىنىشى كېرەكلىكى بىلەن بىردەك بولغان ۋە بۇ جەھەتلەرگە زىيان يەتمەيدىغان ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىدۇ.
6. بىر دۆلەت ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان شەخسلەرنىڭ ياكى ئاخبارات خادىملىرىنىڭ، مەخپىي ياكى مۇھىم ماتېرىياللارنىڭ قوغدىلىشى مەقسىتىدە كېرەكلىك تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلتىماس قىلالايدۇ.

## ئاتمىش توققۇزىنچى ماددا

## دەلىل-ئىسپاتلار

1. ھەربىر گۇۋاھچى گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئىلگىرى بىردەك ھالدا «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» ئاساسىدا قەسەم بېرىپ، ئۆزى تەمىنلەيدىغان دەلىل ئىسپاتلارنىڭ راستلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.
2. سوت جەريانىدا گۇۋاھچى سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشى كېرەك، بىراق 68-ماددىدا ياكى «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» دا بەلگىلەنگەن تەدبىرلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مەھكىمە ئۇشبۇ ئەھدىنامە ۋە «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» غا بىنائەن، ئۈن-سىن تېخنولوگىيىسىنىڭ ياردىمىدە گۇۋاھچىنىڭ ئاۋازلىق گۇۋاھلىقىنى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ياكى قولىيازمىسىنى تەمىنلىسىمۇ بولىدۇ. بۇ چارە-تەدبىرلەر ئەيىبلەنگۈچىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا خىلاپ بولماسلىقى لازىم.
3. دەۋالاشقۇچى تەرەپلەر ئاتمىش تۆتىنچى ماددىغا بىنائەن دېلوغا مۇناسىۋەتلىك دەلىل-ئىسپاتلارنى تەمىنلىسە بولىدۇ. مەھكىمە ئۆزى زۆرۈر دەپ قارىغان بارلىق دەلىل-ئىسپاتلارنى تەلەپ قىلىشقا، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا ھوقۇقلۇق.
4. مەھكىمە «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» غا بىنائەن ھەر تۈرلۈك ئامىللارنى ئويلىشىدۇ. دەلىل-ئىسپاتنىڭ ئىسپاتلاش قىممىتى، بۇ دەلىل ئىسپاتنىڭ ئادىل سوتلاشقا ياكى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىگە ئادىل باھا بېرىشكە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىش-كۆرسەتمەسلىكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. مەھكىمە دەلىل ئىسپاتنىڭ دەۋاغا مۇناسىۋەتلىك ياكى ئەمەسلىكىگە، شۇنداقلا ئىشلەتكىلى بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ.
5) مەھكىمە «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» دا بەلگىلەنگەن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئالاھىدە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە رىئايە قىلىدۇ.
6) مەھكىمە ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان پاكىتلار ئۈچۈن دەلىل-ئىسپات تەلەپ قىلمايدۇ، بىراق بۇ خىل پاكىتلارغا ئەدلىيىلىك تونۇش ئېلىپ بارسا بولىدۇ.
7) بۇ ئەھدىنامىگە ياكى خەلقئارادا قوبۇل قىلىنغان ئىنسان ھەقلىرىگە رىئايە قىلىنماستىن قولغا چۈشۈرۈلگەن دەلىل-ئىسپاتلار تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا قوبۇل قىلىنمايدۇ:
(1) رىئايە قىلىنماسلىق سەۋەبلىك دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە شۈبھە سالغان بولسا،
(2) دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى سوتنىڭ ئىناۋىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدىغان ياكى بۇ ئىناۋەتكە زىت كەلگەن بولسا.
8. مەھكىمە بىر دۆلەت تەرىپىدىن توپلانغان دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ داۋا بىلەن مۇناسىۋىتى ياكى قوبۇل قىلىنىشچانلىقى توغرۇلۇق قارار چىقارغاندا، ئۇ دۆلەتنىڭ خەلقئارالىق قانۇنلىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارمايدۇ.

يەتمىشىنچى ماددا

ئادالەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە قارشى جىنايەتلەر

1. مەھكىمە ئادالەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە قارشى تۆۋەندىكى جىنايەتلەر قەستەن سادىر بولغان ئەھۋالدا، سوتلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ:
1) 69-ماددىنىڭ 1-تۈرىگە بىنائەن، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەجبۇرىيىتى بار تۇرۇپ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش؛
2) ئۆزى چىن ئەمەس ياكى يالغان دەلىل-ئىسپات ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ تۇرۇغلۇق، ئۇنى دەلىل-ئىسپات قىلىپ كۆرسىتىش؛
3) گۇۋاھچىنى ماددىي مەنپەئەتكە مايىل قىلىپ ئۆزىگە قارىتىۋېلىش، گۇۋاھچىنىڭ سوتقا قاتنىشىشىغا ياكى گۇۋاھلىق بېرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش ياكى ئارىلىشىۋېلىش، گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىگە قارشى تەھدىت سالماق، دەلىل-ئىسپاتلارغا قارا چاپلاش ياكى دەلىل-ئىسپاتنىڭ توپلىنىشىغا توسالغۇ بولۇش.
4) مەھكىمىنىڭ مەمۇرىنى خىزمىتىنى قىلماسلىققا ياكى قۇسۇرلۇق ھالدا قىلىشى ئۈچۈن ئازدۇرماق ياكى شۇنىڭغا زورلاش ئۈچۈن توسالغۇ بولۇش، قورقۇتۇش ياكى مەنپەئەت بېرىپ ئۆزىگە قارىتىۋېلىش.
5) مەھكىمىنىڭ بىر مەمۇرى ياكى باشقا مەمۇرى ۋەزىپە ئىجرا قىلغانلىقى سەۋەبلىك بۇ مەمۇردىن ئۆچ ئېلىش.
6) مەھكىمە مەمۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پارا ئېلىش.
2. مەھكىمە بۇ ماددىدا بايان قىلىنغان قانۇنسىز قىلمىشلارغا نىسبەتەن سوتلاش ھوقۇقى پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللىرىنى يۈرگۈزىدۇ، بۇ «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» بويىچە بەلگىلىنىدۇ.
3. جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم قىلىنغۇچىنى مەھكىمە بەش يىلدىن تۆۋەن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلسا بولىدۇ. ياكى «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى»غا ئاساسەن جىنايەتچىگە پەقەتلا ماددىي جازا بەرسىمۇ، ۋەياكى ھەم قاماق جازاسى، ھەم ماددىي جازا بەرسىمۇ بولىدۇ.
4. 1) ئەھدىنامىگە ئىمزا قويغان دۆلەتلەردىن ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئەدلىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە سوتلاش جەريانىنىڭ ئېتىبارىغا ۋە ئىشەنچلىكلىكىگە قارشى قىلىنغان جىنايەتلەرگە ئۇيغۇن دەپ قارىغان جازالارنى، جىنايەت ئۆز تۇپرىقىدا ياكى ئۆز ۋەتەندىشىدىن بىرى تەرىپىدىن قىلىنغان بولسا، بۇ ماددىدا بەلگىلەنگەن ئادالەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە قارشى جىنايەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىلدە بېكىتىدۇ.
2) مەھكىمىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئۇيغۇن كۆرۈلگەن ئەھۋالدا ئەھدىنامىگە ئىمزا قويغان دۆلەتلەر بۇ داۋانى جىنايەتنىڭ سۈرۈشتۈرۈلۈشى مەقسىدىدە ئۆزىنىڭ ئەدلىيە مەھكىمىلىرىگە ھاۋالە قىلىدۇ. بۇ ئورگانلار مەزكۇر داۋانى ئېچىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىمكانلارنى ھازىرلايدۇ ۋە داۋاغا قەتئىي شەكىلدە ئارىلىشىپ، نەتىجىسىنى چىقىرىدۇ.

يەتمىش بىرىنچى ماددا

مەھكىمىدىكى ئۇيغۇنسىز قىلمىشلارغا بېرىلىدىغان جازالار

1. مەھكىمە ئۆز ھۇزۇرىدا ئېلىپ بېرىلغان ناباپ قىلمىشلارغا نىسبەتەن ئۇ قىلمىشنى سادىر قىلغۇچىغا ــــ قاماق جازاسىدىن سىرت ـــ ۋاقىتلىق ياكى مەڭگۈلۈك رەۋىشتە سوت مەيدانىدىن قوغلاپ چىقىرىش، ئىقتىسادىي جازا بېرىش ياكى «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» دا بەلگىلەنگەن باشقا تۈرلۈك چارىلەر ئارقىلىق جازا بېرىدۇ.

شۇنداقلا، بۇ خىل جازالار مەھكىمىنىڭ سوت تەرتىپلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ياكى مەھكىمىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قەستەن رىئايە قىلماسلىق قاتارلىق جىنايەتلەرگىمۇ بېرىدۇ.
2. بىرىنچى تۈردە بەلگىلەنگەن چارىلەر «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» بەلگىلىگەن قەدەم باسقۇچلار بويىچە يۈرگۈزىلىدۇ.

## يەتمىش ئىككىنچى ماددا

## خەلقئارالىق بىخەتەرلىك ماتېرىياللىرىنىڭ قوغدىلىشى

1. بۇ ماددا بىر دۆلەتكە ئائىت ماتېرىيال ياكى ھۆججەتلەر ئاشكارىلىنىپ كەتكەن تەقدىردە، بۇ دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىگە زىيان سالىدۇ دەپ قارالغان ھەر قانداق ئەھۋالدا يۈرگۈزىلىدۇ. تۆۋەندىكى ماددىلارغا چېتىشلىق بولغاندىمۇ ھەم شۇنداق: ئەللىك ئالتىنچى ماددىنىڭ 2-ۋە 3-تارمىقى، ئاتمىش بىرىنچى ماددىنىڭ ئۈچىنچى ترمىقى، ئاتمىش تۆتىنجى ماددىنىڭ ئۈچىنچى تارمىقى، ئاتمىش يەتتىنچى ماددىنىڭ ئىككىنچى تارمىقى، سەكسەن يەتتىنچى ماددىنىڭ ئالتىنچى ترمىقى ۋە توقسان ئۈچىنچى ماددا، شۇنداقلا باشقا ھەر قانداق باسقۇچلاردا بۇ خىل ئاشكارىلىنىپ كېتىش سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىققان ئەھۋاللار.
2. بۇنىڭدىن سىرت بۇ ماددا مەھكىمە تەرىپىدىن ھۆججەت ۋە ماتېرىياللارنىڭ ئاشكارىلىنىشى تەلەپ قىلىنغان شەخسنىڭ بۇ ھۆججەت ۋە ماتېرىياللارنىڭ ئاشكارىلىنىشى بىلەن دۆلەتنىڭ خەلقئارالىق بىخەتەرلىك مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى سەۋەب كۆرسىتىپ بۇنى قوبۇل قىلمىغان ۋە بۇ سەۋەب مەزكۇر دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنغان ئەھۋالدىمۇ يۈرگۈزىلىدۇ.
3. بۇ ماددىنىڭ ھېچبىر ھۆكمى مەخپىيەتلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللاردا يۈرگۈزىلىدىغان، 54-ماددىنىڭ 3- تۈرنىڭ 5- ۋە 6- تارمىقىنىڭ ھۆكمىنىڭ ياكى 73-ماددىنىڭ ھۆكۈمىنىڭ يۈرگۈزىلىشىگە توسالغۇ بولالمايدۇ.
4. بىر دۆلەت ئۆز دۆلىتىگە ئائىت ماتېرىيال ياكى ھۆججەتلىرىنىڭ داۋانىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىدا ئاشكارىلىۋېتىلىۋاتقانلىقىنى ياكى ئاشكارىلىۋېتىلىنىش مۇمكىنچىلىكىنى ئۇقسا، ھەمدە مەزكۇر دۆلەت بۇ خىل ئاشكارىلىنىشنى ئۆز دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارىسا، دۆلەتنىڭ بۇ مەسىلىگە ئارىلىشىپ، مۇشۇ ماددا بويىچە مەسىلىنى ھەل قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.
5. ئەگەر بىر دۆلەت ماتېرىياللارنىڭ ئاشكارىلىنىشى بۇ دۆلەتنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى مەنپەئەتىگە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارىسا، بۇ دۆلەت ئەھۋالغا قاراپ تەپتىش ئەمەلدارى، ئاقلىغۇچى تەرەپ، تەييارلىق سوت ياكى سوت كوللېگىيىسى بىلەن بىرلىكتە مۇۋاپىق قەدەم-باسقۇچلار ئارقىلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. بۇ قەدەم باسقۇچلار تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:
1) مۇناسىۋەتلىك تەلەپلەرنى ئۆزگەرتىش ياكى ئېنىقلاشتۇرۇش؛
2) مەھكىمە تەرىپىدىن قارار قىلىنغان تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ماتېرىياللارنىڭ ياكى دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ باغلىنىشچانلىقىنىڭ ياكى مۇناسىۋەتلىك دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ تەلەپ قىلىنغان دۆلەتتىن سىرتقى مەنبەلەردىن ئېرىشلگەن-ئېرىشلمىگەنلىكىنى ئېنىقلاش؛
3) باشقا مەنبەدىن ياكى باشقا ئۇسۇل ئارقىلىق ماتېرىيالغا ۋە دەلىل-ئىسپاتقا ئېرىشىش. ياكى،
4) ياردەم بىلەن تەمىنلەش شەرتلىرى توغرىسىدا كېلىشىش، بۇنىڭدىن سىرت ئاساسىي مەزمۇن بىلەن ياكى قىسقارتمىسى بىلەن تەمىنلەش، ئاشكارىلىنىش دائىرىسىگە چەكلىمە قويۇش، يېپىق شەكىلنى ياكى داۋاغا يەككە تەرەپ قاتنىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، ياكى ئۇشبۇ ئەھدىنامە ۋە «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» يول قويغان باشقۇ قوغدىشنى چارىلىرىنى قوللىنىش.
6. بارلىق ئۇيغۇن قەدەم-باسقۇچلار ئارقىلىق، ھەمكارلىق شەكلىدە مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىدا

ئىزدەنگەندىن كېيىن، ئەگەر مەزكۇر دۆلەت ھەر قانداق چارە-تەدبىر ياكى ھەر قانداق شەرت ماتېرىيال ۋە ھۆججەتلەرنىڭ سۈنئىيلۇشىنىڭ ياكى ئاشكارىلىنىشىنىڭ مەزكۇر دۆلەتنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ كەلتۈرۈشىنى توسۇپ قالالمايدۇ دەپ قارىسا، مەزكۇر دۆلەت بۇ ئەھۋالنى ۋە ئۆزى چىقارغان قارارنىڭ كونكېرت سەۋەبىنى تەپتىش ئەمەلدارىغا ياكى مەھكىمىگە خەۋەر قىلىشى كېرەك. بۇ سەۋەبلەرنى كونكېرت ھالەتتە بايان قىلىشمۇ ئوخشاشلا بۇ دۆلەتنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك مەنپەئەتىگە مۇقەررەر زىيان سالىدىغان بولۇشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

7. مۇشۇلاردىن كېيىن، ئەگەر مەھكىمە دەلىل-ئىسپاتلار بىر-بىرىگە ئالاقىدار، شۇنداقلا ئەيىبلەنگۈچىنىڭ گۇناھكار ياكى گۇناھسىزلىقىنى بەلگىلەشتىن چوقۇم كېرەكلىك دەپ ھۆكۈم چىقارغان تەقدىردە، مەھكىمە تۆۋەندىكىدەك ئىجرائاتلارنى يۈرگۈزسە بولىدۇ:

1) ئەگەر مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ياكى ھۆججەتنى ئاشكارىلاش تەلىپى تولۇقلىمىچى بۆلۈمدىكى ھەمكارلىشىش تەلىپىگە بىنائەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ياكى ئىككىنچى تارماقتا بايان قىلىنغان ئەھۋاللار سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، ھەمدە مەزكۇر دۆلەت توقسان ئۈچىنچى ماددىنىڭ تۆتىنچى تۇردە بايان قىلىنغان رەت قىلىش سەۋەبىنى قوللانغان بولسا:

(1) مەھكىمە يەتتىنچى تارماقنىڭ بىرىنچى تۇر، ئىككىنچى قوشۇمچە تۇردىكى بەلگىلىملەرگە بىنائەن خۇلاسە چىقىرىشتىن ئىلگىرى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇزاكىرىلىشىپ، مۇناسىۋەتلىك دۆلەتنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىسا بولىدۇ. مۇۋاپىق پەيتتە يېپىق ھالەتتە ياكى يەككە تەرەپ قاتناشقان ھالەتتە ئۆچۈر ئىگىلەشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە؛

2) ئەگەر مەھكىمە داۋا شەرتلىرى بويىچە، 93-ماددىنىڭ 4-تارمىقىغا بىنائەن رەت قىلىش سەۋەبىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىنىڭ تەلەپ قىلغان دۆلەتنىڭ ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكىنى قارار قىلسا، قارارىنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىش يولى ئارقىلىق 87-ماددىنىڭ 7-پاراگرافى بويىچە ھەرىكەت قىلسا بولىدۇ، ۋە

3) مەھكىمە ئەيىبلەنگۈچىنىڭ سوتلىنىشى جەريانىدا ئەھۋالغا قاراپ مەلۇم بىر رېئاللىقنىڭ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىنى قىياس بىلەن بېكىتسە بولىدۇ؛ ياكى،

2. باشقا بارچە ئەھۋال ئاستىدا:

1) ئاشكارىلىنىشىغا بۇيرۇق قىلالايدۇ، ياكى

2) ئەگەر ئاشكارىلىنىشقا بۇيرۇق قىلمىسا، ئەيىبلەنگۈچىنىڭ سوتلىنىش جەريانىدا ئەھۋالغا قاراپ مەلۇم خىل رېئاللىقنىڭ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىگە قىياسقا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

## يەتمىش ئۈچىنچى ماددا

## ئۈچىنچى تەرەپنىڭ ماتېرىيالى ياكى ھۆججىتى

ئەگەر مەھكىمە ئەھدىنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەردىن مەلۇم بىر دۆلەت، ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلات ياكى خەلقئارالىق تەشكىلاتتىن نۆۋەتتە بۆلاردىن بىرىدە ساقلىنىۋاتقان، بار بولغان ياكى كونتروللۇقى ئاستىدا بولغان ھۆججەت ياكى ماتېرىيالنى ـــ ئۇ ماتېرىيالنى مەخپىيەتلىك ساقلاش ئاساسىدا ئۆزىگە ئاشكارىلاشنى ـــ تەلەپ قىلسا، ئەھدىنامە تۈزۈشكەن مەزكۇر دۆلەت ئۆزىدە بار بولغان ھۆججەت ياكى ماتېرىيالنى شۇ ھۆججەت ياكى ماتېرىيالنى تەمىنلىگۈچى تەرەپنىڭ رۇخسىتى ئاساسىدا ئاشكارىلىشى كېرەك بولىدۇ. ئەگەر ماتېرىيال تەمىنلىگۈچى تەرەپ ئەھدىنامە تۈزۈشكە دۆلەت بولسا، بۇ ھالدا مەزكۇر ماتېرىيال ياكى ھۆججەتنى ئاشكارىلاشقا قوشۇلۇشى، ياكى يەتمىش ئىككىنچى ماددىدىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن مەھكىمە بىلەن بىرلىكتە ئاشكارىلاش مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھەرىكەتلىنىشى كېرەك. ئەگەر ماتېرىيال تەمىنلىگۈچى تەرەپ ئەھدىنامە تۈزۈشكە دۆلەت

بولمىسا، شۇنداقلا ئاشكارىلاشنى رەت قىلسا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت ئۆزىنىڭ بۇ تەلەپتىن ئىلگىرىلا ماتېرىيال مەنبەسى ھېسابلانغان تەرەپكە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كاپالىتى بەرگەنلىكىنى، بۇ ۋەجىدىن مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ياكى ماتېرىياللارنى تەمىنلىيەلمەيدىغانلىقىنى مەھكىمىگە بىلدۈرۈشى كېرەك.

## يەتمىش تۆتىنچى ماددا

## ھۆكۈم قىلىش شەرتلىرى

1. سوت كوللېگىيىسىدىكى بارچە سوتچىلار سوتنىڭ ھەر-بىر قەدەم باسقۇچىدا سوتتا ھازىر بولۇشى، شۇنداقلا مۇھاكىمە جەريانىغا باشتىن ئاياق قاتنىشىشى كېرەك. مەھكىمە باشقۇرۇش ھەيئىتى دېلو ئېنىقلاش جەريانىدا بىر ياكى بىردىن ئارتۇق زاپاس سوتچىنىڭ سوتنىڭ ھەر-بىر باسقۇچىدا نەق مەيداندا بولۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلەيدۇ، ياكى سوت كوللېگىيىسىنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ قاتنىشىشى مۇمكىنسىز ئەھۋاللاردا بۇ ئەزانىڭ ئورنىنى ئالىدىغان سوتچىنى تەيىنلىسە بولىدۇ.
2. سوت كوللېگىيىسىنىڭ ھۆكۈمى سوت كوللېگىيىسىنىڭ دەلىل-ئىسپاتلارنى ۋە پۈتكۈل سوت جەريانىنى باھالىنىشى ئاساس قىلىدۇ. ھۆكۈم ئەيىبلەش ياكى ھەر قانداق تۈردىكى ئەيىبلەشلەردىكى پاكىت ۋە تەپسىلاتلاردىن ھالقىپ كەتسە بولمايدۇ. سوت جەريانىدا مەھكىمىگە سۇنۇلغان ۋە مۇھاكىمىدىن ئۆتكەن دەلىل-ئىسپاتلار مەھكىمىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشتىكى بىردىنبىر ئاساسى بولىدۇ.
3. ھۆكۈمنى پىكىر بىرلىكى ئاساسىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. پىكىر بىرلىكى ۋۇجۇدقا چىقمىغان تەقدىردە، ھۆكۈم سوتچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قانائىتىنى ئاساس قىلىدۇ.
4. سوت كوللېگىيىسىنىڭ مۇزاكىرىسى مەخپىي تۇتۇلىدۇ.
5. ھۆكۈم يازمىچە شەكىلدە چىقىرىلىدۇ. ھۆكۈمنىڭ سەۋەبلىرى، سوت كوللېگىيىسىنىڭ دەلىل ئىسپاتلارغا چىقارغان ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ خۇلاسىسى يېتەرلىك دەرىجىدە بايان قىلىنىدۇ. سوت كوللېگىيىسى پەقەت بىرلا خىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئورتاق پىكىرگە كەلگىلى بولمىغان ئەھۋالدا، سوت كوللېگىيىسىنىڭ ھۆكمى كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى ۋە ئازسانلىقنىڭ پىكرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ھۆكۈم ياكى ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئوچۇق سوتتا ئېلان قىلىنىدۇ.

## يەتمىش بەشىنچى ماددا

## زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا بېرىلىدىغان تۆلەم

1. مەھكىمە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپكە تۆلەم بېرىشنىڭ پىرىنسىپىنى بېكىتىشى كېرەك. تۆلەم تۈرلىرى قايتۇرۇپ بېرىش، تولۇقلىما بېرىش ۋە ئەسلىگە ئەكىلىپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەھكىمە مۇشۇ ئاساستا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپنىڭ ئۇچرىغان زىينى، چىقىمى ۋە تالاپىتىنىڭ دائىرىسى ھەم دەرىجىسىنى ھۆكۈمدە ئېنىق بېكىتىشنى تەلەپ قىلسا ياكى ئالاھىدە ئەھۋالدا ئۆزى قارار قىلسا، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئاساسلانغان پىرىنسىپلىرىغا چۈشەنچە بەرسە بولىدۇ.
2. مەھكىمە جىنايەت بېكىتىلگەن شەخسكە بىۋاستە بۇيرۇق چىقىرىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپكە تەمىنلەيدىغان مۇۋاپىق تۆلەم، يەنى، قايتۇرۇپ بېرىش، تولۇقلىما بېرىش ۋە ئەسلىگە ئەكىلىپ بېرىش قاتارلىقلارنى كونكرېت ۋە ئېنىق بىلدۈرسە بولىدۇ. مەھكىمە ئەھۋالغا قاراپ، 79 –

ماددىدا بەلگىلەنگەن، ھاۋالە فوندىغا تاپشۇرۇشنى ھۆكۈم قىلغان تۆلەم پۇلنى بۇيرۇسا بولىدۇ.
3. مەھكىمە بۇ ماددىغا بىنائەن بۇيرۇق چىقىرىشتىن ئىلگىرى جىنايەت بېكىتىلگەن شەخس، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، پايدا – زىيان مۇناسىۋىتى بار شەخس، پايدا – زىيان مۇناسىۋىتى بار دۆلەت ياكى يۇقارقى ھەر قايسى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ پىكرىنى ئالسا بولىدۇ ۋە ئالغان پىكىرلەرنى ئويلىشىپ كۆرۈشى كېرەك.
4. مەھكىمە بۇ ماددىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇقنى يۈرگۈزگەندە، مەلۇم شەخسنىڭ مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى تەۋەلىكىدىكى جىنايەتنى ئىشلىگەنلىكىنى بېكىتكەندىن كېيىن، ئۇزىنىڭ بۇ ماددىغا بىنائەن چىقىرىشى مۇمكىن بولغان ھەر قانداق بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، 93 – ماددىنىڭ 1 – تارمىقىدا بەلگىلەنگەن تەدبىرنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار – يوقلىقىنى بېكىتىشى كېرەك.
5. ئەھدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەتلەر بۇ ماددىغا بىنائەن چىقىرىلغان ھۆكۈمنى جەزمەن ئىجرا قىلىشى، 109 – ماددىنىڭ بەلگىلىمىسىنى مەزكۇر ماددىغا ماس كېلىدۇ، دەپ قارىشى كېرەك.
6. مەزكۇر ماددىنى چۈشەندۈرۈش، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ دۆلەت ئىچى قانۇنى ۋە خەلقئارالىق قانۇنلاردىكى ھوقۇقلىرىغا زىيان كەلتۈرمەسلىكى كېرەك.

## يەتمىش ئالتىنچى ماددا

## جازا بېكىتىش

1. سوت كوللېگىيىسى جىنايەت ھۆكۈمنامىسىنى چىقارغاندا، سوتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان جازا بېكىتىشكە ئالاقىدار دەلىل–ئىسپات ۋە پىكىرلەرنى ئويلىشىپ كۆرۈشى، ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىك مۇناسىپ جازانى كېڭىشىش ئاساسىدا بېكىتىشى كېرەك.
2. ئاتمىش بەشىنچى ماددىدىكى ھۆكۈملەرگە مۇراجىئەت قىلغاندىن سىرت، سوت كوللېگىيىسى سوت يىپىلىشتىن بۇرۇن ئۆزى قارار چىقارسا بولىدۇ. شۇنداقلا، تەپتىش ئەمەلدارى ياكى ئەيىپلەنگۈچى تەلەپ سۇنغاندا، « تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» بويىچە جازا بېكىتىشكە مۇناسىۋەتلىك يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھەر قانداق دەلىل – ئىسپات ۋە پىكىرلەردىن خەۋەردار بولسا ھەم ئۇنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ.
3. 2 – تارماق قوللىنىلغان ئەھۋالدا، 2 – تارماققا بىنائەن قايتا ئەھۋال ئىگىلىگەندە ۋە زۆرۈر بولغان ھەر قانداق ئىچكىرىلەپ ئەھۋال ئېگىلەشتە، يەتمىش بەشىنچى ماددىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر قانداق بايانىنى قوبۇل قىلىش كېرەك.
4. جىنايى جازا جەزمەن ئاشكارا ھالەتتە ۋە ئىمكان بار ئەيىپلەنگۈچى نەق مەيداندا بار ھالەتتە جاكالىنىشى كېرەك.

## يەتتىنچى بۆلۈم: جىنايى جازا

## يەتمىش يەتتىنچى ماددا

## قوللىنىلىدىغان جىنايى جازالار

1. يۈز ئونىنچى– ماددىدىكى بەلگىلىمىدىن باشقا، مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ بەشىنچى – ماددىسىدا بايان قىلىنغان مەلۇم تۈردىكى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتنى سادىر قىلغان شەخسكە نىسبەتەن، مەھكىمە تۆۋەندىكى جىنايى جازالاردىن بىرىنى ھۆكۈم قىلسا بولىدۇ:
1) مۇدداتلىك قاماق جازاسى؛ ئەڭ يۇقۇرى جازا مۇددىتى 30 يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ ياكى

2) مۇددەتسىز قاماق جازاسى جىنايىتى ئىنتايىن ئېغىر بولۇش ۋە جىنايىتى بېكىتىلگۈچىنىڭ شەخسىي ئەھۋالىغا ئاساسەن شۇ زوروۇرىيەتنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانغان بولۇش بىلەن چەكلىنىدۇ.
2. قاماققا ئېلىشتىن باشقا، مەھكىمە يەنە تۆۋەندىكىدەك بۇيرۇقلارنى چىقىرالايدۇ:
1) جەرىمانە قويۇش. جەرىمانە ئۆلچىمى «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» بويىچە بەلگىلىنىدۇ؛
2) مەزكۇر جىنايى قىلمىش ئارقىلىق بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئېرىشىلگەن تاپاۋەت، مال – مۈلۈك ۋە مەبلەغنى مۇسادىرە قىلىش. لېكىن، خالىس نىيەتلىك 3 – تەرەپنىڭ ھوقۇق–مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق كېرەك.

## يەتمىش سەككىزىنچى ماددا

## جازا بېكىتىش

1. جازا بېكىتكەندە، مەھكىمە «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» غا بىنائەن چوقۇم جىنايەتنىڭ دەرىجىسى ۋە جىنايىتى بېكىتىلگۈچىنىڭ شەخسىي ئەھۋالى قاتارلىق ئامىللارنى ئويلىشىشى كېرەك.
2. قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغاندا، مەھكىمە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى بۇيرۇقىغا بىنائەن تۇتۇپ تۇرۇلغان ھەر قانداق ۋاقىتنى، ھۆكۈم يىلىدىن جەزمەن چىقىرىۋېتىشى كېرەك. مەھكىمە شۇ جىنايى قىلمىشنى شەكىللەندۈرگەنلىكى سەۋەبلىك تۇتۇپ تۇرۇلغان باشقا ھەر قانداق ۋاقىتنى، ھۆكۈم يىلىدىن چىقىرىۋەتسە بولىدۇ.
3. بىر شەخس بىر نەچچە جىنايەت بىلەن ھۆكۈم قىلىنغاندا، مەھكىمە جەزمەن ھەر بىر تۈردىكى جىنايەتنىڭ جازا مۇددىتىنى ئېلان قىلىشى، ئاندىن بىرلەشتۈرۈپ ئىجرا قىلىدىغان ئومۇمىي جازا مۇددىتىنى ئېلان قىلىشى كېرەك. ئومۇمىي جازا مۇددىتى بىر قانچە جازا ئىچىدىكى ئەڭ يۇقۇرى جازا مۇددىتىدىن يۇقۇرى بولۇشى، ئەمما 30 يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ياكى يەتمىش يەتتىنچى ماددىنىڭ 1- تارماق 2-تۈرگە بىنائەن ھۆكۈم قىلىنىدىغان مۇددەتسىز قاماق جازاسى بولۇشى كېرەك.

## يەتمىش توققۇزىنچى ماددا
## ھاۋالە فوندى

1. ئەھدىلەشكەن دۆلەتلەر يىغىنىنىڭ قارارىغا بىنائەن، ھاۋالە فوندىدىن بىرنى قۇرۇپ، مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى تەۋەلىكىدىكى جىنايەت بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە – تاۋابىتلىرىغا ياردەم بېرىشكە ئىشلىتىش كېرەك.
2. مەھكىمە، مەھكىمىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن جەرىمانە قويۇش ياكى مۇسادىرە قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن پۇل ـ مالنى ھاۋالە فوندىغا كىرگۈزىۋەتسە بولىدۇ.
3. ھاۋالە فوندى جەزمەن ئەھدىلەشكەن دۆلەتلەر يىغىنى قارار قىلغان ئۆلچەمگە بىنائەن باشقۇرۇلىشى كېرەك.

## سەكسىنىنچى ماددا

## دۆلەتلەرنىڭ جىنايى جازا ۋە دۆلەت ئىچى قانۇننى يۈرگۈزۈشكە دەخلى قىلماسلىق

مەزكۇر بۆلۈمدىكى بەلگىلىمىلەر دۆلەتلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنلىرىدا بەلگىلەنگەن جىنايى جازانى يۈرگۈزىشىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئوخشاشلا، مەزكۇر بۆلۈمدە بېكىتىلگەن جىنايى جازالارنى بەلگىلىمىگەن

دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

## سەككىزىنجى بۆلۈم: نارازىلىق ئەرزى ۋە ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىش

### سەكسەن بىرىنچى ماددا

گۇناھسىزلىقىغا ياكى گۇناھكارلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ياكى جازا بېكىتىشكە قارشى نارازىلىق ئەرزى سۇنۇش

1. يەتمىش تۆتىنجى– ماددىغا ئاساسەن چىقىرىلغان ھۆكۈمگە نىسبەتەن، « تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» غا بىنائەن نارازىلىق ئەرزى سۇنۇشقا بولىدۇ:

1) تەپتىش ئەمەلدارى تۆۋەندىكى ھەر قانداق بىر سەۋەبكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ نارازىلىق ئەرزى سۇنسا بولىدۇ:

(1) تەرتىپتىكى خاتالىق؛

(2) پاكىتتىكى خاتالىق؛ ياكى

(3) قانۇننىڭ خاتا تەدبىقلانغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش؛

2 ) تەپتىش ئەمەلدارى جىنايەت بېكىتىلگۈچى ياكى جىنايەت بېكىتىلگۈچىگە ۋاكالىتەن تۆۋەندىكى ھەر قانداق بىر سەۋەبكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ نارازىلىق ئەرزى سۇنسا بولىدۇ:

(1) تەرتىپتىكى خاتالىق؛

(2) پاكىتنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇش؛

(3) قانۇننىڭ خاتا تەدبىقلانغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ياكى

(4) دەۋا تەرتىپىگە ياكى ھۆكۈمنىڭ ئادىللىقى ياكى ئىشەنچلىكلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان باشقا ھەر قانداق سەۋەب.

2. 1) تەپتىش ئەمەلدارى ياكى جىنايەت بېكىتىلگۈچى « تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» غا بىنائەن، جازا بىلەن جىنايەتنىڭ ماس كەلمىگەنلىكىنى سەۋەب سەۋەب كۆرسىتىپ، جازا ھۆكمىگە نارازىلىق ئەرزى سۇنسا بولىدۇ.

2) جازا ھۆكمىگە بىنائەن سۇنۇلغان نارازىلىق ئەرزىگە قارىتا، ئەگەر مەھكىمە جىنايەت ھۆكۈمنامىسىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىشكە ئاساس بار دەپ قارىسا، مەھكىمە تەپتىش ئەمەلدارى ۋە جىنايىتى بېكىتىلگۈچىنى سەكسەن بىرىنچى – ماددىنىڭ 1-تارماق، 1-تۈرىگە ياكى 2-تۈرىگە ئاساسەن سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ. شۇنداقلا سەكسەن ئۈچىنجى ماددىغا بىنائەن جىنايەت بېكىتىشكە ھۆكۈم چىقارسا بولىدۇ.

3) پەقەت جىنايەت بېكىتىشكىلا قارىتىلغان نارازىلىق ئەرزىگە نىسبەتەن، ئەگەر مەھكىمە 2-تارماقنىڭ 1-تۈرىگە ئاساسەن جىنايى جازانى يېنىكلىتىشكە ئاساس بار دەپ قارىسا، ئوخشاش تەرتىپنى قوللىنىشى كېرەك.

3. 1) سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشقا قارارى بولمىسىلا، نارازىلىق ئەرزى سۇنغان مەزگىلدە جىنايەت بېكىتىلگۈچىنى جەزمەن داۋاملىق قاماش كېرەك.

2) قاماق مۇددىتى جازا مەزگىلدىن ئېشىپ كەتكەندە، جىنايەت بېكىتىلگۈچىنى قويۇۋېتىش كېرەك. ئەگەر تەپتىش ئەمەلدارى شۇ ۋاقىتتا نارازىلىق ئەرزى سۇنۇۋاتقان بولسا، جىنايەت بېكىتىلگۈچىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى

جەزمەن تۆۋەندىكى ئۈچىنچى تارماقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى كېرەك.
3) گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلىنغاندا، ئەيىپلەنگۈچىنى جەزمەن دەرھال قويۇۋېتىش كېرەك. لېكىن:
(1) سوت كوللېگىيىسى ئالاھىدە ئەھۋالدا قېچىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى، ئەيىپلەنگەن جىنايەتنىڭ دەرىجىسى، شۇنداقلا نارازىلىق ئەرزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش پۇرسىتى قاتارلىق ئامىللارنى ئويلىشىپ، تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ تەلىۋى بويىچە بۇ شەخسنى نارازىلىق ئەرزى مەزگىلىدە داۋاملىق تۇتۇپ تۇرسا بولىدۇ.
(2) «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى » غا بىنائەن، سوت كوللېگىيىسىنىڭ 3-تارماق 1-–تۈرگە ئاساسەن چىقارغان ھۆكمىگە نارازىلىق ئەرزى سۇنسا بولىدۇ.
4. ئۈچىنچى – تارماقنىڭ 1-تۈرى ۋە 2-تۈردىكى بەلگىلىمىدىن باشقا، نارازىلىق ئەرزى قوبۇل قىلىنىۋاتقان ۋە قاراپ چىقىلىۋاتقان مەزگىلدە، ھۆكۈم قىلىش ۋە جىنايى جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋاقىتنچە توختىتىلىشى كېرەك.

## سەكسەن ئىككىنچى ماددا

## باشقا ھۆكۈملەرگە نارازىلىق ئەرزى سۇنۇش

1. دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ بىردەك ھالدا « تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى » غا بىنائەن، تۆۋەندىكى ھۆكۈملەرگە نارازىلىق ئەرزى سۇنسا بولىدۇ:
1) سوتلاش ھوقۇقى ياكى ئەرزنىڭ قوبۇل قىلىنىشچانلىقى توغرىسىدىكى ھۆكۈم؛
2) تەكشۈرىلىۋاتقان ياكى ئەرز قىلىنغان شەخسنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ماقۇللىغان ياكى رەت قىلغان ھۆكۈم؛
3) تەييارلىق سوتىنىڭ ئەللىك ئالتىنچى ماددىنىڭ 3-تارمىقىغا ئاساسەن ئۆز ئىختىيارىچە ھەرىكەت قىلغانلىق قارارى.
4) دەۋانىڭ ئادىللىقى ۋە تېز ئېلىپ بېرىلىشى ياكى سوت نەتىجىسىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈشكە چېتىلىدىغان، يەنە كېلىپ، تەييارلىق سوت ياكى نارازىلىق ئەرزى سوتى، بۇ مەسىلە دەرھال ھەل قىلىنسا دەۋانىڭ يۈرۈشۈشى مۇتلەق ھالدا ئالغا سۈرۈلىدۇ، دەپ قارىسا.
2. تەييارلىق سوت ئەللىك يەتتىنچى ماددا، 3-تارماق 4-تۈرگە ئاساسەن چىقارغان ھۆكۈمگە تەييارلىق سوتنىڭ قوشۇلىشى بىلەن، ئالاقىدار دۆلەتلەر ياكى تەپتىش ئەمەلدارلىرى نارازىلىق ئەرزى سۇنسا بولىدۇ. نارازىلىق ئەرزىگە جەزمەن تېزدىن قراپ چىقىلىشى كېرەك.
3. نارازىلىق ئەرزى ئۆز ئۈنۈمىنى يوقىتىپ، نارازىلىق ئەرزى سوتى « تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» غا بىنائەن بۇنداق قارار چىقىرىشنى جىددىي تەلەپ قىلىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.
4. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ قانۇنىي ۋاكالەتچىسى، جىنايەت بېكىتىلگۈچى ياكى يەتمىش بەشىنچى ماددىنىڭ بۇيرۇقىغا ئالاقىدار بىر تۈرلۈك بۇيرۇق سەۋەبلىك سەلبىي تەسىرگە ئۇچرىغان خالىس نىيەتلىك پۇل- مال ئىگىسى « تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى » غا بىنائەن تۆلەم بۇيرۇقىغا نارازىلىق ئەرزى سۇنسا بولىدۇ.

## سەكسەن ئۈچىنچى ماددا

## نارازىلىق ئەرزىگە قاراپ چىقىش تەرتىۋى

1. سەكسەن بىرىنچى ماددا ۋە مەزكۇر ماددىدا بەلگىلەنگەن قاراپ چىقىش تەرتىۋىنىڭ مەقسىدى ئۈچۈن نارازىلىق ئەرزى كوللېگىيىسى سوت كوللېگىيىسىنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولىدۇ.

2. ئەگەر نارازىلىق ئەرزى كوللېگىيىسى نارازىلىق ئەرزى قارىتىلغان سوت تەرتىپىدە ئادالەتسىزلىك بار، بۇ هال كېسىم ياكى جازا هۆكمىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىسا ياكى نارازىلىق ئەرزى قارىتىلغان كېسىم ياكى جازا هۆكمى پاكىت جەھەتتىكى خاتالىق، قانۇنىي تەدبىقلاشتىكى خاتالىق ياكى تەرتىپتىكى خاتالىق سەۋەبلىك زور تەسىرگە ئۇچرىغان دەپ قارىسا، نارازىلىق ئەرزى كوللېگىيىسى:

1) ئالاقىدار هۆكۈم ياكى جىنايى جازانى ئاغدۇرۇپ تاشلىسا ياكى ئۆزگەرتسە بولىدۇ؛ ياكى

2) باشقا بىر سوت كوللېگىيىسىنى قايتىدىن سوت ئېچىشقا بۇيرىسا بولىدۇ.

يۇقارقى مەقسەد ئۈچۈن، نارازىلىق ئەرزى كوللېگىيىسى پاكىتلىق مەسىلىلەرنى ئەسلىدىكى سوت كوللېگىيىسىنىڭ قايتىدىن بېكىتىپ، ئۆزلىرىگە دوكلات يوللىشى ئۈچۈن قايتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. نارازىلىق ئەرزى كوللېگىيىسى بۇ مەسىلىنى بېكىتىش ئۈچۈن، ئۆزى دەلىل ـــ ئىسپات ئالسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر بۇ هۆكۈم ياكى جازا هۆكمى پەقەت جىنايەت بېكىتىلگۈچى ياكى ئۇنىڭغا ۋەكالىتەن تەپتىش ئەمەلدارى تەرىپىدىنلا ئوتتۇرىغا قويۇلسا، ئۇ هالدا بۇ شەخسگە پايدىسىز هۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ.

3. جازا هۆكمىگە قايىل بولماي سۇنۇلغان نارازىلىق هۆكمىگە نىسبەتەن، ئەگەر نارازىلىق ئەرزى كوللېگىيىسى جىنايەت بىلەن جازانىڭ ماس كەلمىگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرسا، 7-بۆلۈمگە ئاساسەن جازا هۆكمىنى ئۆزگەرتسە بولىدۇ.

4. نارازىلىق ئەرزى كوللېگىيىسىنىڭ هۆكمى جەزمەن يېرىمدىن ئارتۇق ساندىكى سوتچىلار تەرىپىدىن چىقىرىلىپ، ئوچۇق سوتتا جاكارلىنىشى ۋە هۆكۈمنامىدە ئاساسلانغان سەۋەبلەرگە چۈشەنچە بېرىلىشى كېرەك. پىكىر بىرلىكىگە ئېرىشەلمەيدىغان ئەھۋالدا، نارازىلىق ئەرزى كوللېگىيىسىنىڭ هۆكۈمنامىسى جەزمەن كۆپ سانلىقلارنىڭ پىكرىنى ۋە ئاز سانلىقلارنىڭ پىكرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم. ئەمما، تەپتىش ئەمەلدارى قانۇنىي مەسىلىلەر توغرىسىدا ئايرىم پىكىرلەرنى ياكى قارشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ.

5. نارازىلىق ئەرزى كوللېگىيىسى گۇناھسىز دەپ هۆكۈم قىلىنغۇچى ياكى جىنايەت بېكىتىلگۈچى يوق ئەھۋالدا هۆكۈمنامىنى جاكالىسا بولىدۇ.

## سەكسەن تۆتىنچى ماددا

## جىنايەت بېكىتىش هۆكمىنى ياكى جازا هۆكمىنى ئۆزگەرتىش

1. جىنايەت بېكىتىلگۈچى ياكى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يولدىشى، پەرزەنتلىرى، ئاتا – ئانىسى ياكى جاۋابكار ئۆلگەندە هايات بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن جاۋاپكارنىڭ يازمىچە ئېنىق كۆرسەتمىسىگە ئېرىشكۈچى ياكى تەپتىش ئەمەلدارى جىنايەت بېكىتىلگۈچىگە ۋاكالىتەن تۆۋەندىكى سەۋەبلەر ئاساسىدا نارازىلىق ئەرزى كوللېگىيىسگە ئەڭ ئاخىرقى جىنايەت بېكىتىش هۆكمىنى ياكى جازا هۆكمىنى ئۆزگەرتىشكە ئىلتىماس سۇنسا بولىدۇ:

1) يېڭى دەلىل-ئىسپاتلارنى بايقاش. بۇ يېڭى دەلىل – ئىسپاتلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) سوت جەريانىدا ئېرىشىش ئامالسىز بولغان، يەنە كېلىپ بۇ دەلىل - ئىسپاتلارغا ئېرىشىشتىكى ئامالسىزلىقنىڭ مەسئۇلىيىتى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن هالدا ئىلتىماس سۇنغان ئالاقىدار تەرەپكە دۆڭگەلمىگەن بولۇش؛ شۇندىقلا،

(2) يېتەرلىك دەرىجىدە مۇھىم بولغان، ناۋادا سوتتا ئىسپاتلانسا ئوخشىمىغان هۆكۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى زور بولغان بولۇش؛

2) سوت مەزگىلىدە قوبۇل قىلىنغان، شۇنداقلا جىنايەت بېكىتىش ئاساسىنىڭ ھەل قىلغۇچ دەلىل-ئىسپاتى سالاھىيىتىدە، يېقىندىلا بايقىلىشىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماستىن، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ياكى ساختا بولۇشى؛

3) جىنايەت بېكىتىش ياكى ئەيىبلەشنى مۇقىملاشتۇرۇشقا قاتناشقان بىر نەپەر ياكى كۆپلىگەن سوتچىلارنىڭ بۇ دېلودا زور دەرىجىدە نامۇۋاپىق قىلمىشلىرى ياكى خىزمەتتە ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلمىشلىرى بار بولۇپ، بۇنىڭ تەخىرسىزلىكى قىرىق ئالتىنچى ماددىغا بىنائەن ئالاقىدار سوتچىلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا يېتەرلىك بولۇش.

2. نارازىلىق ئەرزى كوللېگىيىسى ئەگەر ئىلتىماس سەۋەبىنى يۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ دەپ قارىسا، ئىلتىماسنى جەزمەن رەت قىلىشى كېرەك. نارازىلىق ئەرزى كوللېگىيىسى ئەگەر ئىلتىماسنىڭ ئاساسى بار دەپ بېكىتسە، ئەھۋالغا ئاساسەن:

1) ئەسلىدىكى سوت كوللېگىيىسىنى قايتا تەشكىللىسە بولىدۇ.

2) يېڭىدىن سوت كوللېگىيىسى تەشكىللىسە بولىدۇ. ياكى،

3) بۇ ئىشقا نىسبەتەن سوتلاش هوقۇقىنى ساقلاپ قېلىپ، «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» غا ئاساسەن بەلگىلەنگەن ئۇسۇل ئارقىلىق ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ بايانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، هۆكۈمنامىنى ئۆزگەرتىش ياكى ساقلاپ قېلىشنى بېكىتسە بولىدۇ.

## سەكسەن بەشىنچى

### قولغا ئېلىنغۇچى ياكى جىنايەت بېكىتىلگۈچىگە بېرىلىدىغان تۆلەم

1. قانۇنسىز قولغا ئېلىنغان ياكى قامالغان ھەر قانداق شەخسنىڭ تۆلەمگە ئېرىشىش هوقۇقى بولۇشى كېرەك.

2. ئەڭ ئاخىرقى ئارقىلىق جىنايى ئىشلار جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ھۆكۈم قىلىنغان شەخسكە چىقىرىلغان گۇناھكارلىق هۆكۈمدە كېيىن يېڭى پاكىت ياكى يېڭىدىن بايقالغان پاكىت ئارقىلىق ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئەدلىيىلىك نامۇۋاپىق ئەھۋال مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلىنىپ ئاغدۇرۇلسا، ئۇ ھالدا گۇناھكارلىق هۆكمى سەۋەبلىك جازالاشقا ئۇچرىغان شەخس جەزمەن قانۇن بويىچە تۆلەمگە ئېرىشىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، باشقىلار بىلمەيدىغان بۇ پاكىتنىڭ ۋاقتىدا ئاشكارىلانماسلىقىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن هالدا مەزكۇر شەخسگە يۈكلىنىشىنى ئىسپاتلىغىلى بولمىغان ئەھۋالدا مۇشۇنداق قىلىنىدۇ.

3. ئالاھىدە ئەھۋالدا، ئەگەر مەھكىمە ھەل قىلغۇچ پاكىتنى بايقاپ، ئېغىر ۋە رۇشەن ھالدىكى ئەدلىيەلىك نامۇۋاپىق ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقسا، مەھكىمە «تەرتىپ ۋە دەلىل—ئىسپات نىزامى»دا بەلگىلەنگەن ئۆلچەمنى ھېسابقا ئېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا گۇناھسىز دەپ هۆكۈم قىلىنغان ياكى يوقارقى سەۋەب بويىچە دەۋا توختىتىلىپ، قويۇپ بېرىلگەن شەخسكە تۆلەم بەلگىلىسە بولىدۇ.

# توققۇزىنچى بۆلۈم: خەلئارالىق ھەمكارلىق ۋە ئەدلىيەلىك ماسلىشىش

## سەكسەن ئالتىنچى ماددا

### ئادەتتىكى ھەمكارلىق مەجبۇرىيىتى

ئەھدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەتلەر مەزكۇر ئەھدىنامىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مەھكىمىنىڭ سوتلاش هووقۇقى دائىرىسىدىكى جىنايەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئەرز قىلىش جەھەتلەردە جەزمەن مەھكىمە بىلەن تولۇق ماسلىشىشى كېرەك.

سەكسەن يەتتىنچى ماددا

ھەمكارلىق تەلىپى: ئادەتتىكى بەلگىلىمە

1. 1) مەھكىمىنىڭ ئەھدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەتلەرگە ھەمكارلىق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقى بولىدۇ. تەلەپنامە دىپلوماتىك يوللار ياكى ئەھدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەتلەرنىڭ تەستىقلىشى، قوبۇل قىلىشى، تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ياكى ئەھدىنامىگە قېتىلغاندا بەلگىلەنگەن بولىشى مۇمكىن بولغان مۇۋاپىق يول ئارقىلىق يەتكۈزىلىدۇ.
ئەھدىلەشكۈچى ھەر قايسى دۆلەتلەر كېيىنچە بۇ خىل بەلگىلىمىنى ئۆزگەرتىپ « تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» غا بىنائەن ئىش كۆرۈشى كېرەك.
2) بىرىنچى تۈردىكى بەلگىلىمىگە دەخلى قىلمىغان ئەھۋالدا، مۇناسىپ ۋاقىتتا خەلقئارا جىنايى ئىشلار ساقچى تەشكىلاتى ئارقىلىق ياكى مۇۋاپىق كەلگەن ھەر قانداق بىر رايون خاراكتېرلىك تەشكىلات ئارقىلىق تەلەپنامىنى يەتكۈزسە بولىدۇ.
2. تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ تەستىقلىشى، قۇبۇل قىلىشى، تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ياكى قېتىلغاندىكى تاللىشىغا ئاساسەن ھەمكارلىق تەلەپنامىسى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ھۆججەتلىرى تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن تىللاردىن بىرى بىلەن تەييارلىنىشى كېرەك ياكى بۇ تىلدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنى قوشۇمچە قىلىپ، مەھكىمىنىڭ خىزمەت تىللىرىنىڭ بىرى بىلەن تەييارلانسىمۇ بولىدۇ.
كېيىنچە بۇ خىل تاللاشنى ئۆزگەرتىپ، «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى » غا بىنائەن ئىش كۆرۈشى كېرەك.
3. تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت تەلەپنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئاشكارىلاش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندىن باشقا، ھەمكارلىق تەلەپنامىسى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ھۆججەتلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى جەزمەن ساقلىشى كېرەك.
4. مەزكۇر بۆلۈمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر قانداق ھەمكارلىق تەلىپىگە بىنائەن مەھكىمە زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللانسا بولىدۇ. بۇ ھەر قانداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، ئېھتىماللىقتىكى گۇۋاھچى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە – تاۋابىئاتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، شۇنداقلا جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ماتېرىياللارنى قوغداش جەھەتتىكى تەدبىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر بۆلۈمگە بىنائەن تەمىنلەنگەن ھەر قانداق ماتېرىيالغا نىسبەتەن، مەھكىمە ئۇنى تەمىنلەش ۋە بىر تەرەپ قىلىش شەكلىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، ئېھتىماللىقتىكى گۇۋاھچى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە – تاۋابىئاتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، شۇنداقلا جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنى جەزمەن قوغدىشىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.
5. 1) مەھكىمە مەزكۇر كېلىشىمنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇش، مەزكۇر دۆلەت بىلەن تۈزگەن كېلىشىم ياكى باشقا ھەر قانداق مۇۋاپىق ئاساسقا بىنائەن، مەزكۇر بۆلۈمدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئەھدىنامىگە قاتناشمىغان ھەر قانداق دۆلەتنى ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلسا بولىدۇ.
2) ئەگەر مەزكۇر كېلىشىمنى ئەھدىنامىگە قاتناشمىغان دۆلەت مەھكىمە بىلەن ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياكى كېلىشكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى كېلىشىمگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر قانداق تەلەپكە ھەمكارلاشمىسا، مەھكىمە ئەھدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەتلەر يىغىنىغا ياكى ئالاقىدار ئەھۋاللار خەۋپسىزلىك كېڭىشى تەرىپىدىن مەھكىمىگە تاپشۇرۇلغان ئەھۋالدا، خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئۇقتۇرۇش قىلسا بولىدۇ.
6. مەھكىمە ھۆكۈمەتلەر ئارا ھەر قانداق تەشكىلاتتىن ماتېرىيال ۋە ھۆججەت تەمىنلەشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. مەھكىمە يەنە، ئالاقىدار تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزى بىلەن ھاسىل قىلغان كېلىشىملىرىگە بىنائەن، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش ياكى خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە، باشقا شەكىللەردىكى ھەمكارلىقى ھەم ماسلىششىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.
7. ئەھدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەتلەر ناۋادا مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىش قىلماي، مەھكىمىنىڭ ھەمكارلىشىش تەلىپىنى ئىجرا قىلمىسا، ھەمدە مەھكىمىنىڭ مەزكۇر ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن

فۇنكسىيىسى ۋە هوقۇقىنى يۈرگۈزىشكە چارىسىز قېلىشىغا سەۋەب بولسا، مەهكىمە مۇشۇنداق ئەهۋالنىڭ مەۋجۇتلىقىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇ مەسىلىنى ئەهدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەتلەر يىغىنىغا سۇنسا ياكى مۇناسىۋەتلىك ئەهۋاللار خەۋپسىزلىك كېڭىشى تەرىپىدىن مەهكىمىگە تاپشۇرۇلغان ئەهۋالدا، خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە تاپشۇرسا بولىدۇ.

## سەكسەن سەككىزىنچى ماددا

## دۆلەت ئىچى قانۇنىنى قوللىنىشقا بولىدىغان تەرتىپلەر

ئەهدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەتلەر مەزكۇر بۆلۈمدە بېكىتىلگەن تۈرلۈك شەكىلدىكى ھەمكارلىقلارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى قانۇنلىرىدىكى قوللىنىشقا بولىدىغان مەۋجۇت تەرتىپلەرگە ھەقىقىي رەۋىشتە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## سەكسەن توققۇزىنچى ماددا

## ئالاقىدار شەخسلەرنى سوت مەهكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش

1. مەهكىمە مەلۇم شەخسنى قولغا ئېلىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپنامىسىنى، توقسان بىرىنچى ماددىدا كۆرسىتىلگەن تەلەپنامە قوشۇمچە ماتېرىياللىرى بىلەن قوشۇپ مەزكۇر شەخس تەۋەلىكىدە بولۇشى مۇمكىن بولغان ھەر قانداق دۆلەتكە تاپشۇرسا، ھەم بۇ دۆلەتنىڭ ئۆزىگە ھەمكارلىشىپ ئۇ شەخسنى قولغا ئېلىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئەهدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەتلەر مەزكۇر بۆلۈمدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنلىرىدا بېكىتىلگەن تەرتىپكە ئاساسەن، قولغا ئېلىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىجرا قىلىشى كېرەك.
2. ئەگەر ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان شەخس يىگىرمىنچى ماددىغا ئاساسەن ۋە بىر جىنايەتنى ئىككىنچى قېتىم سوت قىلماسلىق پىرىنسىپىغا ئاساسەن، تۇرۇشلۇق دۆلەتتىكى سوت مەهكىمىسىگە گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويسا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت دەرهال مەهكىمە بىلەن كېڭىشىپ، مەهكىمىنىڭ قوبۇل قىلىنىشچان مەسىلىلەر توغرىسىدا ئالاقىدار هۆكۈم چىقارغان – چىقارمىغانلىقىنى ئېنىقلىشى كېرەك. دېلونى قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان بولسا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت تەلەپنى ئىجرا قىلىشقا دەرهال تۇتۇش قىلىشى لازىم. تېخى بېكىتىلمىگەن قوبۇل قىلىنىشچان مەسىلىلەرگە كەلسەك، تاكى مەهكىمە قوبۇل قىلىنىشچان مەسىلىلەر توغرىسىدا هۆكۈم قىلغانغا قەدەر، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت مەزكۇر شەخسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنىڭ ئىجراسىنى كېچىكتۈرسە بولىدۇ.
3. 1) ئەهدىلەشكۈچى دۆلەت جەزمەن دۆلىتىنىڭ تەرتىپ قانۇنىغا بىنائەن، باشقا بىر دۆلەتنىڭ ئۆز دۆلەت تەۋەلىكى ئارقىلىق، مەهكىمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان شەخسنى يالاپ ئېلىپ مېڭىشىنى تەستىقلىشى كېرەك. بۇ ئەهۋال مەزكۇر دۆلەت چېگراسىدىن ئۆتۈش ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە توسالغۇ بولمىسا ياكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈۋەتمىگەن شارائىتتا بولىدۇ.
2) مەهكىمىنىڭ چېگرادىن ئۆتۈش تەلەپنامىسى سەكسەن يەتتىنچى ماددىدىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن يەتكۈزۈلىشى كېرەك. چېگرادىن ئۆتۈش تەلەپنامىسى جەزمەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك:
(1) يالاپ ماڭدىغان شەخسنىڭ سالاهىيىتىگە چۈشەنچە بېرىش؛
(2) دېلو پاكىتلىرى ۋە بۇ پاكىتلارنىڭ قانۇنىي خاراكتېرىنى قىسقىچە بايان قىلىش؛ شۇنداقلا،
(3) قولغا ئېلىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە هوقۇق بېرىش بۇيرۇقىنى قوشۇمچە قىلىش؛

3) يالاپ ئېلىپ مېڭىلغان شەخس چېگرادىن ئۆتۈش داۋامىدا جەزمەن قامالغان ھالەتتە بولۇش؛

4) ئەگەر ئۈچار قاتناش ۋاستىلىرى ئارقىلىق يالاپ ئېلىپ مېڭىش ۋە ئارىلىقتا ئۇ دۆلەت زېمىنىغا قونۇپ ئۆتۈش پىلانلانمىسا، ئۇ ھالدا تەستىقلىنىشقا ئىلتىماس سۇنۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

5) ئەگەر پىلانلىمىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ، ئۇ دۆلەت زېمىنىغا قونۇشقا توغرا كەلسە، مەزكۇر دۆلەت ئىككىنجى تۈردىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن چېگرىدىن ئۆتۈش تەلەپنامىسى سۇنۇشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. چېگرىدىن ئۆتۈش تەلەپنامىسنى تاپشۇرىۋالغان ۋە چېگرىدىن ئۆتۈش تاماملانغانغا قەدەر، چېگرىدىن ئۆتىلىدىغان دۆلەت يالاپ ئېلىپ مېڭىلغان شەخسنى جەزمەن قامىشى كېرەك. لېكىن ئىككىنجى تۈر بىلەن ئالاقىدار بولغان قاماش پىلانلىمىغان ئەھۋالدىكى قونۇشتىن باشلاپ ھېساپلىغاندا، 96 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بۇ مۆھلەتتە تەلەپنامە تاپشۇرۇپ ئالسا، ئۇنىڭ يولى باشقا.

4. ئەگەر ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان شەخس، مەھكىمە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتا ئاساسلانغان مەلۇم جىنايەتتىن باشقا بىر جىنايەت بىلەن تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتتە ئەرز قىلىنغان ياكى جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان بولسا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىپ قارار بەرگەندىن كېيىن، مەھكىمە بىلەن كېڭىشىشى كېرەك.

توقسىنىنچى ماددا

رىقابەتلىك تەلەپ

1. ئەھدىلەشكۈچى دۆلەت مەھكىمىنىڭ سەكسەن توققۇزىنچى ماددىغا بىنائەن ئوتتۇرىغا قويغان مەلۇم شەخسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى تاپشۇرىۋالغاندا، ئەگەر ھەر قانداق يەنە بىر دۆلەتنىڭ مەھكىمىنىڭ ئۇ شەخسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىدا تايانغان جىنايەتنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئوخشاش بىر قىلمىش سەۋەبلىك شۇ شەخسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى تاپشۇرىۋالسا، بۇ ئەھدىلەشكۈچى دۆلەت ئەھۋالنى جەزمەن مەھكىمە ۋە تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتكە ئۇقتۇرۇشى كېرەك.

2. ئەگەر تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتمۇ ئەھدىلەشكۈچى دۆلەت بولغان بولسا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا، چوقۇم مەھكىمىنىڭ تەلىپىنى ئالدىن ئويلىششى كېرەك:

1) مەھكىمە ئون سەككىزىنچى ماددا ياكى ئون توققۇزىنچى ماددىغا بىنائەن، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپى چېتىلىدىغان دېلونى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى قارار چىقارغان، شۇنداقلا بۇ ھۆكۈم تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزىۋېلىش تەلىپى توغرىلىق ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى ۋە ئەرزىنى ئويلاشقان بولسا؛ ياكى

2) مەھكىمە تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ بىرىنچى تارماقتا بىنائەن چىقارغان ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن، بىرىنچى– تۈردە بايان قىلىنغان قارارنى چىقارغان بولسا.

3. ئەگەر ئىككىنجى تارماقنىڭ بىرىنجى تۈردە بايان قىلىنغان قارار بولمىسا، مەھكىمىنىڭ ئىككىنجى تارماقنىڭ ئىككىنجخ تۈرگە ئاساسەن قارار چىقىرىشنى ساقلاشتىن ئىلگىرى، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت ئەھۋالغا قاراپ تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتنىڭ ئۆتكۈزىۋېلىش تەلىپىنى قول سېلىپ بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ. لېكىن، مەھكىمە دېلونى قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى قارار قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ شەخسنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا، مەھكىمە تېزدىن قارار چىقىرىشى كېرەك.

4. ئەگەر تەلەپ قىلغۇچى دۆلەت مەزكۇر كېلىشىمنى ئەھدىلەشكۈچى دۆلەت بولمىسا، يەنە كېلىپ تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش خەلقئارا مەجبۇرىيىتى بولمىسا، مەھكىمە دېلونى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى قارارلاشتۇرغان ئەھۋالدا تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت مەھكىمىنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىش تەلىپىنى جەزمەن ئالدىن ئويلىششى كېرەك.

5. ئەگەر مەھكىمە تۆتىنچى تارماقتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دېلونى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بېكىتسە، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت ئەھۋالغا قاراپ تەلەپ قىلغۇچى دۆلەت ئوتتۇرىغا قويغان ئۆتكۈزۈۋېلىش تەلىپىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىشسە بولىدۇ.

6. تۆتىنچى تارماقتىكى ھۆكۈمنى يۈرگۈزگەن ئەھۋالدا، ناۋادا تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ مەزكۇر كېلىشىمنامىنى ئەھدىلەشكۈچى بولمىغان تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتكە ئۇ شەخسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە ئۆز ئۇستىگە ئېلىۋاتقان خەلقئارا مەجبۇرىيىتى بار بولسا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت ئۇ شەخسنى مەھكىمىگە ياكى تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى جەزمەن ئۆزى قارار قىلىشى كېرەك. تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت قارار چىقارغاندا چوقۇم بارلىق ئالاقىدار ئامىللارنى ئويلىشىشى كېرەك. لېكىن، تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا:

1) ھەر تۈرلۈك تەلەپلەرنىڭ ۋاقتى؛

2) تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتى ئەھۋالغا ئاساسەن  جىنايەت ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىدە ئېلىپ بېرىلغانمۇ – يوق، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان شەخسنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ۋە

3) مەھكىمىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تەلەپ قىلغۇچى دۆلەت بىلەن شۇ شەخسنى ئۆز  ئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىش مۇمكىنچىلىكى.

7. ئەھدىلەشكۈچى دۆلەت مەھكىمىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئەگەر يەنە باشقا ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ مەھكىمىنىڭ ئۇ شەخسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىدا تايانغان جىنايەتنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرىدىغان قىلمىشتىن سىرت، باشقا بىر قىلمىشى سەۋەبلىك شۇ شەخسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى تاپشۇرۇۋالسا:

1) تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتكە نىسبەتەن، مەزكۇر شەخسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە ئۆز ئۇستىگە ئېلىۋاتقان خەلقئارا مەجبۇرىيىتى بار بولمىسا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت جەزمەن مەھكىمىنىڭ تەلىپىنى ئالدىن ئويلىشىشى كېرەك؛

2) تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتكە مەزكۇر شەخسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە ئۆز ئۇستىگە ئېلىۋاتقان خەلقئارا مەجبۇرىيىتى بار بولسا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت بۇ شەخسنى مەھكىمىگە ياكى تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆزى قارار قىلىشى كېرەك. قارار چىقارغاندا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت جەزمەن بارلىق ئالاقىدار ئامىللارنى ئويلىشىشى زۆرۈر. لېكىن، ئالتىنچى تارماقتا كۆرسىتىلگەن تۈرلۈك ئامىللار بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، چېتىشلىق قىلمىشلارنىڭ نىسپىي خاراكتېرى ۋە ئېغىرلىق دەرىجىسىنى جەزمەن ئالاھىدە ئويلىشىشى لازىم.

8. ئەگەر مەھكىمە مەزكۇر ماددىدا كۆرسىتىلگەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مەلۇم دېلونى قارار قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارار قىلغان، تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتكە سۇنغان ئۆتكۈزۈۋېلىش تەلىپىمۇ كەينىدىنلا كەسكىن رەت قىلىنغان بولسا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت بۇ قارارنى جەزمەن مەھكىمىگە ئۇقتۇرۇشى كېرەك.

## توقسان بىرىنچى ماددا

## قولغا ئېلىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنىڭ مەزمۇنى

1. قولغا ئېلىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپى جەزمەن يازمىچە شەكىلدە سۇنۇلىشى كېرەك. ئالاھىدە ئەھۋاللاردا، تەلەپنى يازمىچە خاتىرىنى يوللىيالايدىغان ھەر قانداق ئۇسۇلدا ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم سەكسەن يەتتىنچى ماددىنىڭ بىرىنچى– تارمىقىدىكى بىرىنچى– تۈردە بەلگىلەنگەن يول ئارقىلىق جەزملەشتۈرۈش كېرەك.

2. تەييارلىق سوتىنىڭ ئەللىك سەككىزىنچى ماددىسىغا ئاساسەن، ئۆزلىرىگە يوللىغان قولغا ئېلىش

بۇيرۇقىدىكى شەخسنى قولغا ئېلىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن، تەلەپنامىگە چوقۇم تۆۋەندىكى ماتېرىياللار قېتىلغان ياكى قوشۇمچە قىلىنغان بولۇشى كېرەك:

1) تەلەپ قىلىنغۇچى شەخسنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىشكە يېتەرلىك ماتېرىياللار، شۇنداقلا مەزكۇر شەخسنىڭ دېرىكىنى قىلىشقا مۇمكىن بولىدىغان ماتېرىياللار؛

2) قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى؛ ۋە

3) تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەرتىۋى تەلەپ قىلىدىغان بارلىق زۆرۈر ھۆججەت، باياناتلار ۋە ماتېرىياللار. ئەمما، بۇ تەلەپلەر مەزكۇر دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنامە ياكى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا بىنائەن، ئۆتكۈزۈۋېلىش تەلەپنامىسىدە قوللىنىلىدىغان شەرتلەردىن ئېغىر بولماسلىقى كېرەك. شۇنداقلا، مەھكىمىنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرىنى ئويلىشىپ، مۇمكىن بولغان ئەھۋالدا بۇ تەلەپلەرنى ئازايتىشى كېرەك.

3. جىنايەت بېكىتىلگۈچىنى قولغا ئېلىش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ماتېرىياللار قېتىلغان ياكى قوشۇمچە قىلىنغان بولىشى كېرەك:

1) مەزكۇر شەخسنى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى؛

2) جىنايەت ھۆكۈمنامىسىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى؛

3) تەلەپ قىلىنغۇچى شەخسنىڭ جىنايەت ھۆكۈمنامىسىدىكى شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللار؛ ۋە،

4) تەلەپ قىلىنغۇچى شەخس جازاغا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان ئەھۋالدا، جازا ھۆكۈمنامىسىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى تەمىنلەش. ئەگەر جازا ھۆكمى قاماق جازاسى بولسا، ئۆتەپ بولغان قاماق مۇددىتى ۋە قېلىپ قالغان قاماق مۇددىتى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىش.

4. مەھكىمىنىڭ تەلىپى بويىچە ئەھدىلەشكۈچى دۆلەت جەزمەن ئىككىنچى تارماقنىڭ ئۈچىنجى تۈرىگە ئاساسەن قوللىنىلىش مۇمكىنچىلىكىدىكى دۆلەت ئىچى قانۇنىنىڭ تەلىپى توغرىسىدا مەھكىمە بىلەن ئومۇمىي خاراكتېردە كېڭىشىش ئېلىپ بېرىشى ياكى كونكېرت ئىشلارغا نىسبەتەن كېڭىشىش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. كېڭىشىش داۋامىدا، ئەھدىلەشكۈچى دۆلەت ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچى قانۇنىدىكى كونكېرت تەلەپلىرىنى چوقۇم مەھكىمىگە ئۇقتۇرۇشى كېرەك.

توقسان ئىككىنچى ماددا

ۋاقىتلىق قولغا ئېلىش

1. مەھكىمە جىددىي ئەھۋالدا توقسان بىرىنچى ماددىدىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن، ئۆتكۈزۈۋېلىش تەلەپنامىسى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ھۆججەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن، تەلەپ قىلىنغۇچى شەخسنى ۋاقىتلىق قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

2. ۋاقىتلىق قولغا ئېلىش تەلىپى، يازمىچە خاتىرىنى يوللىيالايدىغان ھەر قانداق ئۇسۇلدا يوللىنىشى ۋە تۆۋەندىكى ماتېرىياللار قېتىلغان بولۇشى كېرەك:

1) تەلەپ قىلىنغۇچى شەخسنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىشكە يېتەرلىك ماتېرىياللار، شۇنداقلا مەزكۇر شەخسنىڭ دېرىكىنى قىلىشقا مۇمكىن بولىدىغان ماتېرىياللار؛

2) مەزكۇر شەخسنى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىشتا ئاساسلانغان جىنايىتى ۋە ئەيىپلەنگەن بۇ جىنايەتنى شەكىللەندۈرىدىغان پاكىتلار توغرىسىدىكى قىسقىچە چۈشەندۈرۈش، شۇنداقلا، ئىمكان بار جىنايەت سادىر بولغان ۋاقىت ۋە ئورۇن؛

3) تەلەپ قىلىنغۇچىغا چىقىرىلغان قولغا ئېلىش بۇيرۇقى ياكى جىنايەت ھۆكۈمنامىسى چىقىرىلغانلىق باياناتى؛ ۋە،

4) تەلەپ قىلىنغۇچىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلەپنامە ۋە سوئېداشتۇرۇپ تاپشۇرىلىدىغان بايانات.

3. ئەگەر تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت « تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» دا بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە، توقسان بىرىنچى– ماددىدا بەلگىلەنگەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپنامىسى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە هۆججەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالمىسا، ۋاقىتلىق قولغا ئېلىنىپ قامالغان شەخسنى قويۇپ بەرسە بولىدۇ. لېكىن، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ قانۇنى يول قويغان ئەهۋالدا، بۇ مەزگىللىك مۆهلەت توشۇشتىن ئىلگىرى مەزكۇر شەخس ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشكە قوشۇلسا بولىدۇ. بۇنداق ئەهۋالدا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت تېزرەك تۇتۇش قىلىپ، مەزكۇر شەخسنى مەهكىمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك.

4. ئەگەر ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپنامىسى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە هۆججەتلىرى كېيىنكى كۈنلەردە تاپشۇرۇپ بېرىلسە، ئۇچىنچى تارماقتا بىنائەن قامالغان تەلەپ قىلىنغۇچى شەخسكە ئائىت دەلىل-ئىسپاتلار كېيىن بۇ شەخسنى قولغا ئېلىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە دەخلى قىلمايدۇ.

توقسان ئۈچىنچى ماددا

باشقا شەكىللەردىكى هەمكارلىق

1. ئەهدىنامىنى تۈزگۈچى دۆلەت مەزكۇر بۆلۈم ۋە ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچى قانۇنى تەرتىپىدىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن مەهكىمىنىڭ تەلىپىنى ئىجرا قىلىپ، تەكشۈرۈش ۋە ئەيىبلەش جەهەتلەردە تۆۋەندىكى ياردەملەرنى تەمىنلىشى كېرەك:

1) مەلۇم شەخسنىڭ سالاهىيىتى ۋە دېرىكىنى ياكى ماددىي بۇيۇمنىڭ بار جايىنى ئېنىقلاش؛

2) ئىسپات ئېلىش. بۇ قەسەم قىلىنغان گۇۋاهلىق سۆزىنى ۋە مەزكۇر مەهكىمىگە لازىم بولغان باهالاش پىكرى هەم دوكلاتىنى ئۆزئىچىگە ئالغان دەلىل ـــ ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

3) تەكشۈرۈلگەن ۋە ئەيىبلەنگەن هەر قانداق شەخسنى سوراق قىلىش؛

4) ئەدلىيەلىك هۆججەت ـــ ماتېرىياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان هالدا هۆججەت – ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بېرىش؛

5) ئالاقىدار خادىملارنىڭ گۇۋاهچى ياكى باهالىغۇچى سالاهىيىتىدە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مەهكىمىگە كېلىپ سوتقا چىقىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش؛

6) يەتتىنچى تارماقتىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن خادىملارنى ۋاقىتلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىش؛

7) جەسەت قېزىش ۋە قەبرىلەرنى تەكشۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان هالدا، ئالاقىدار ئورۇن ۋە سورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش؛

8) ئاختۇرۇپ تىنتىش ۋە نەزەربەند قىلىشنى ئىجرا قىلىش؛

9) قالدۇرۇلغان خاتىرە ۋە هۆججەتلەر بىلەن تەمىنلەش، بۇ هۆكۈمەت تەرەپنىڭ قالدۇرغان خاتىرىسى بىلەن هۆججەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

10) زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ۋە گۇۋاهچىلارنى قوغداش، شۇنداقلا، دەلىل–ئىسپاتلارنى تولۇقى بىلەن ساقلاش؛

11) ئەڭ ئاخىرىدا مۇسادىرە قىلىشقا قولاي بولىشى ئۈچۈن جىنايەتتىن ئېرىشىلگەن تاپاۋەت، مال-مۈلۈك، مەبلەغ، شۇنداقلا جىنايەت قوراللىرىنى ئېنىقلاش، ئىزىغا چۈشۈش هەم توڭلىتىپ قويۇش ياكى تۇتۇپ قېلىش. لېكىن، خالىس نىيەتلىك ئۈچىنچى تەرەپنىڭ هوقۇق-مەنپەئەتىگە زىيان سالماسلىق؛ ۋە،

12) مەهكىمىنىڭ باشقۇرۇش هوقۇقى تەۋەلىكىدىكى جىنايەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئەيىپلەشكە قولاي بولغان هالەتتە تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ قانۇنى چەكلىمىگەن باشقا شەكىللەردىكى ياردەملىشىش.

2. مەھكىمىنىڭ مەھكىمەدە سوتقا چىققان گۇۋاھچى ۋە باھالىغۇچىغا، مەزكۇر شەخسنىڭ تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتتىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرىكى ھەر قانداق توغرا ياكى ناتوغرا قىلمىشلىرى سەۋەبلىك، مەھكىمەدە شىكايەت قىلىنماسلىقى، قامالماسلىقى ياكى جىسمانىي ئەركىنلىكىنىڭ ھەر قانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەت بېرىش ھوقۇقى بار.

3. بىرىنچى تارماقتا بىنائەن سۇنۇلغان تەلەپكە نىسبەتەن، ئەگەر ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان ۋە يۈرگۈزۈلىۋاتقان بىر تۈرلۈك ئاساسىي قانۇن پىرىنسىپىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت تەلەپتە بايان قىلىنغان بىر تۈرلۈك ياردەملىشىش تەدبىرىنى ئىجرا قىلالمىسا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت تېزدىن مەھكىمە بىلەن كېڭىشىپ، مەسىلىنى بار كۈچ بىلەن ھەل قىلىشى كېرەك. كېڭىشىش جەريانىدا باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ياكى شەرتلىك ھالدا ياردەم بىلەن تەمىنلەشكە بولۇش -- بولماسلىقىنى ئويلىشىپ بېقىشى كېرەك. ئەگەر كېڭەشكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئىمكانى بولمىسا، مەھكىمە تەلەپنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئويلىششى كېرەك.

4. يەتمىش ئىككىنچى ماددىدىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن، پەقەت تەمىنلىنىش تەلەپ قىلىنغان ھۆججەت ياكى ئاشكارىلانغان دەلىل ـــ ئىسپات ئۆز دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە چېتىلىدىغان ئەھۋالدىلا ئەھدىلەشكۈچى دۆلەت ياردەملىشىش تەلىپىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ھالدا رەت قىلسا بولىدۇ.

5. بىرىنچى تارماقنىڭ 12- تۈرگە بىنائەن چىقىرىلغان ياردەملىشىش تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلىشتىن ئىلگىرى، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت ياردەملىشىشنى ئالاھىدە شەرت بىلەن ياكى كېچىكتۈرۈپ ۋە ياكى باشقىچە ئۇسۇلدا تەمىنلىگىلى بولىدىغان- بولمايدىغانلىقىنى چوقۇم ئويلىششى كېرەك. ناۋادا مەھكىمە ياكى تەپتىش ئەمەلدارى شەرتلىك ياردەملىششنى قوبۇل قىلسا، ئۇنداقتا، مەھكىمە ياكى تەپتىش ئەمەلدارى بۇ شەرتلەرگە جەزمەن رىئايە قىلىشى كېرەك.

6. تەلەپ قىلىنغۇچى ئەھدىنامە تۈزۈشكەن دۆلەت ئەگەر ياردەملىشىش تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلسا، رەت قىلىش سەۋەبىنى جەزمەن تېزلىكتە مەھكىمە ياكى تەپتىش ئەمەلدارىغا ئۇقتۇرۇشى كېرەك.

7. 1) مەھكىمە پەرقلەندۈرۈشكە قولاي بولۇش، گۇۋالىق سۆزىنى قوبۇل قىلىش ياكى باشقا ياردەملەرگە ئېگە بولۇش ئۈچۈن قاماقتىكى شەخسنى ۋاقىتلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. مەزكۇر شەخسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە، تۆۋەندىكى شەرتلەرنى قانائەتلەندۈرۈشى كېرەك:

مەزكۇر شەخسكە ئۇقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە:

(1) ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوشۇلغان بولۇشى؛

(2) تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت ئۆزىنىڭ مەھكىمە بىلەن پۈتۈشۈشى مۇمكىنچىلىكىدىكى شەرتلەرگە بىنائەن، بۇ شەخسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلىشى.

2) ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن شەخس جەزمەن داۋاملىق قامىلىشى كېرەك. ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەقسىدى تاماملانغاندىن كېيىن، مەھكىمە مۇمكىنقەدەر بۇ شەخسنى تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتكە قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك.

8. 1) تەلەپنامىدە بايان قىلىنغان تەكشۈرۈش ۋە ئەرز تەرتىۋىگە زۆرۈر بولغاندىن سىرت، مەھكىمە ھۆججەت ۋە ماتېرىياللارنىڭ مەخپىيەتلىكىگە جەزمەن كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

2) زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت مەخپىيەتلىكنى ساقلىغان ئاساستا ھۆججەت ۋە ماتېرىياللارنى تەپتىش ئەمەلدارىغا يەتكۈزۈپ بەرسە بولىدۇ. تەپتىش ئەمەلدارى بۇ ماتېرىياللارنى پەقەت يېڭى دەلىل ـــ ئىسپاتلارنى توپلاش مەقسىتىدىلا ئىشلەتسە بولىدۇ.

3) تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت كېيىنچە ئۆزلىكىدىن بېكىتىش ياكى تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ ھۆججەت ۋە ماتېرىياللارنى ئاشكارىلاشقا قوشۇلسا بولىدۇ. ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، بەشىنچى بۆلۈم ۋە ئالتىنچى بۆلۈم، شۇنداقلا «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلىنىپ، مۇنۇ ھۆججەت ۋە ماتېرىياللارنى دەلىل ـــ ئىسپات سۈپىتىدە قوللانسا بولىدۇ:

(1) ئەگەر ئەھدىنامە تۈزۈشكۈچى دۆلەت مەھكىمە ۋە ئۆزى بىلەن خەلقئارا مەجبۇرىيىتى بار يەنە بىر

دۆلەتنىڭ تاپشۇرۇپ بېرىش ياكى ئۆتكۈزۈۋېلىش تەلىۋىدىن سىرت بولغان رىقابەتلىك تەلەپ تاپشۇرۇۋالسا، شۇ ئەھدىلەشكۈچى دۆلەت مەھكىمە ۋە يەنە بىر دۆلەت بىلەن كېڭىشىپ، ئامال بار ئىككىلا تەرەپنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشى، زۇرۇر تېپىلغاندا ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈرلۈك تەلەپنى ياكى تەلەپكە قوشۇلغان شەرتنىڭ ئىجراسىنى كېچىكتۈرسە بولىدۇ.

(2) مەسىلىنى يۇقۇرىقىدەك ھەل قىلىش چارىسىز بولغاندا توقسىنىنجى ماددىدا بېكىتىلگەن پرىنسىپقا بىنائەن، رىقابەتلىك تەلەپنى ھەل قىلىشى كېرەك.

2) ئەگەر مەھكىمىنىڭ تەلىپى بىر تۈرلۈك خەلقئارا كېلىشىم سەۋەبىلىك، ئۈچىنچى دۆلەت ياكى مەلۇم خەلقئارالىق تەشكىلات كونتروللۇقىدىكى ماتېرىيال، مال ـــ مۈلۈك ياكى شەخسكە چېتىشلىق بولسا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت بۇ ئەھۋالنى چوقۇم مەھكىمىگە ئۇقتۇرۇشى، مەھكىمە ئۈچىنچى بىر دۆلەت ياكى خەلقئارالىق تەشكىلاتقا تەلەپ سۇنۇشى كېرەك.

10. 1) ئەگەر ئەھدىنامە تۈزۈشكۈچى دۆلەتلەردىن بىرى مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى تەۋەلىكىدىكى جىنايەتنى شەكىللەندۈرىدىغان قىلمىش ياكى دۆلەت ئىچى قانۇنىدا ئېغىر جىنايەتنى شەكىللەندۈرىدۇ دەپ بېكىتىلگەن قىلمىش توغرىسىدا تەكشۈرۈش ياكى سوت ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسا، مەھكىمە ئەھدىلەشكۈچى دۆلەتنىڭ تەلىپىگە بىنائەن مەزكۇر دۆلەت بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلسا بولىدۇ.

2) (1) بىرىنچى تۈرگە بىنائەن قىلىنىدىغان ياردەم باشقىسىدىن سىرت، يەنە تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ئا) مەھكىمىنىڭ تەكشۈرۈش ياكى سوت مەزگىلىدە ئېرىشكەن بايانلىرى، ھۆججەتلەر ياكى باشقا تۈردىكى دەلىل ـــ ئىسپاتلار؛ ۋە

ئە) مەھكىمە قاماققا ئەمر قىلغان شەخسنى سوراق قىلىش؛

(2) ئىككىنجى تۈرنىڭ 1-تارماق تۈرىنىڭ 1-تۈركۈمگە قارىتا تەمىنلەنگەن ياردەم:

ئا) ئەگەر ھۆججەت ياكى باشقا تۈردىكى دەلىل ـــ ئىسپاتلار بىرەر دۆلەتنىڭ ياردىمىدە ئېرىشىلگەن بولسا، بۇ ماتېرىياللارنى تەمىنلەشتە شۇ دۆلەتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەك؛

ئە) ئەگەر بايانلار، ھۆججەت ياكى باشقا تۈردىكى دەلىل ـــ ئىسپاتلارنى گۇۋاھچى ياكى باھالىغۇچى تەمىنلىگەن بولسا، بۇ ماتېرىياللارنى تەمىنلەش ئاتمىش سەككىزىنجى ماددىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

4) مەھكىمە بۇ تارماقتا بەلگىلەنگەن شەرتكە بىنائەن بۇ ئەھدىنامىنى ئىمزالىمىغان دۆلەتنىڭ بۇ تارماققا ئاساسەن سۇنغان ياردەملىشىش تەلىپىگە قوشۇلىدۇ.

## توقسان تۆتىنچى ماددا

## داۋاملىشىۋاتقان تەكشۈرۈش ياكى ئەيىبلەش سەۋەبلىك تەلەپنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش

1. ئەگەر تەلەپنى دەرھال ئىجرا قىلىش تەلەپ چېتىشلىق دېلودىن باشقا دېلونىڭ نۆۋەتتىكى تەكشۈرۈش ياكى ئەيىبلىشىگە توسالغۇ بولىدىغان بولسا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت مەھكىمە بىلەن پۈتۈشكەن مۇددەت ئىچىدە تەلەپنى ئىجرا قىلىشنى كېچىكتۈرسە بولىدۇ. لېكىن، كېچىكتۈرۈش مۇددىتى تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈش ياكى ئەيىبلىشىگە كېتىدىغان زۇرۇر ۋاقىتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. تەلەپنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشنى قارار قىلىشتىن ئىلگىرى، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت بەزى شەرتلەرگە ئاساسەن دەرھال ياردەم بىلەن تەمىنلەشكە بولىدىغان – بولمايدىغانلىقىنى ئويلىشىشى كېرەك.

2. ئەگەر تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت 1 – تارماقنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن تەلەپنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشنى قارار قىلغان بولسا، تەپتىش ئەمەلدارى 93 – ماددىنىڭ 1 – تارماق 10 – تۈرىگە ئاساسەن، دەلىل – ئىسپاتنى ئامان ساقلاشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

## توقسان بەشىنچى ماددا

### دېلونىڭ قوبۇل قىلىنىشچانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈلگەنلىك سەۋەبلىك تەلەپنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش

ئەگەر مەھكىمە 18 – ياكى 19 – ماددىغا ئاساسەن دېلونىڭ قوبۇل قىلىنىشچانلىقىغا بىلدۈرۈلگەن ئېتىرازغا قاراپ چىقىۋاتقان بولسا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت مەھكىمە ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىلگىرى مەزكۇر بۆلۈمگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپنى ئىجرا قىلىشنى كېچىكتۈرسە بولىدۇ، مەھكىمە تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ 18 – ياكى 19 – ماددىغا ئاساسەن دەلىل – ئىسپات توپلىشىغا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

## توقسان ئالتىنچى ماددا

### توقسان ئۈچىنچى– ماددىدا بەلگىلەنگەن باشقا شەكىلدىكى ياردەملەرنى تەلەپ قىلىش مەزمۇنى

1. 93 – ماددىدا كۆرسىتىلگەن باشقا شەكىلدىكى ياردەملەر يازما شەكىلدە تەلەپ قىلىنىشى كېرەك. جىددىي ئەھۋالدا، تەلەپ مۇمكىن بولغان ھەرقانداق يازما خاتىرە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلسا بولىدۇ، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن 87 – ماددىنىڭ 1- تارماق 1- تۈرىدە بەلگىلەنگەن يول ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

2. كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، تەلەپنامىدا تۆۋەندىكى ماتېرىياللار بولۇشى ياكى قوشۇمچە قىلىنغان بولۇشى كېرەك:

1) تەلەپنىڭ قانۇنىي ئاساسى ۋە سەۋەبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تەلەپنىڭ مەقسىتى ۋە ئېرىشىش تەلەپ قىلىنغان ياردەم توغرىسىدىكى قىسقىچە چۈشەندۈرۈش؛

2) تەلەپ قىلىنغان ياردەم بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن چوقۇم تېپىش ياكى ئېنىقلاش كېرەك بولغان ھەرقانداق ئادەم ياكى ئورۇننىڭ جايلىشىشى ياكى ئالاھىدىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىمكانقەدەر تەپسىلىي ماتېرىياللار؛

3) تەلەپكە ئالاقىدار ئاساسىي پاكىت توغرىسىدىكى قىسقىچە چۈشەندۈرۈش؛

4) ھەرقانداق تەرتىپ ياكى تەلەپنى چوقۇم ئورۇنداش كېرەكلىكىنىڭ سەۋەبى ۋە بۇنىڭ تەپسىلاتلىرى؛

5) تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ قانۇنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تەلەپنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تەمىنلىنىشى كېرەك بولغان ماتېرىياللار؛

6) تەلەپ قىلىنغان ياردەم بىلەن تەمىنلەشكە كېرەكلىك باشقا ھەرقانداق ماتېرىيال.

3. مەھكىمىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن، ئەھدىنامە تۈزگۈچى ھەرقايسى دۆلەتلەر 2- تارماقنىڭ 5 – تۈرىگە ئاساسەن تەدبىقلىنىشى بولىدىغان دۆلەت ئىچى قانۇنى جەھەتتە، مەھكىمە بىلەن ئومۇمىي شەكىلدە، ياكى مەلۇم بىر كونكرېت مەسىلە ھەققىدە كېڭىشىشى كېرەك. كېڭىشىش جەريانىدا، ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەت ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچى قانۇنىنىڭ كونكرېت تەلەپلىرىنى مەھكىمىگە بىلدۈرۈشى كېرەك.

4. مەزكۇر ماددىنىڭ بەلگىلىمىلىرى، تەدبىقلىنىشى بولىدىغان جايلاردا مەھكىمىگە سۇنۇلغان ياردەملىشىش تەلەپلىرىگىمۇ تەدبىقلىنىدۇ.

## توقسان يەتتىنچى ماددا

### كېڭىشىش

شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر مەزكۇر بۆلۇمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپنى تاپشۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلتىماستا مەسىلە بارلىقىنى، ئىلتىماسنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاشىلا بولۇش ياكى توسقۇنلۇق قىلىش ئېھتىمالىنى بايقىسا، دەرھال مەھكىمە بىلەن كېڭىشىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ مەسىلىلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. تەلەپنى ئىجرا قىلىشقا كېتەرلىك ماتېرىياللار تولۇق بولماسلىق.

2. ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، گەرچە ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان شەخسنى يەنىلا تاپالمىسا، ياكى ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش نەتىجىسى تەلەپ قىلىنغان دۆلەتتىكى ئالاقىدار شەخسلەر ئېنىقلا قولغا ئېلىش گۇۋاھنامىسىدا كۆرسىتىلگەن شەخس ئەمەس بولسا.

3. نۆۋەتتىكى ئۇسۇل بويىچە تەلەپنى ئىجرا قىلغاندا، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت يەنە بىر دۆلەت ئۈستىگە ئالغان شەرتنامە مەجبۇرىيىتىگە خىلاپلىق قىلسا.

## توقسان سەككىزىنچى ماددا

## كەچۈرۈم ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلۇش جەھەتتىكى ھەمكارلىق

1. ئەگەر تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت مەھكىمىنىڭ بىر تۈرلۈك ئۆتكۈزۈپ بېرىش ياكى ياردەم بېرىش تەلىپىنى ئىجرا قىلغان تەقدىردە، ئۈچىنچى دۆلەتتىكى شەخس ياكى مال-مۈلۈكنىڭ دۆلەت ياكى دىپلوماتىيە كەچۈرۈم ھوقۇقى ئۈستىگە ئالغان خەلقئارالىق قانۇن مەجبۇرىيىتىگە خىلاپلىق قىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا مەھكىمە بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويسا بولمايدۇ، پەقەت مەھكىمە ئالدى بىلەن بۇ ئۈچىنچى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقىغا ئېرىشەلىسە، ئۈچىنچى دۆلەت تەرىپىدىن كەچۈرۈم قىلىش ھوقوقىدىن ۋاز كېچىدۇ.

2. ئەگەر تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت مەھكىمىنىڭ بىر تۈرلۈك ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى ئىجرا قىلسا، شۇ دۆلەت خەلقئارا كېلىشىم بويىچە ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، مەھكىمەگە ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچى خادىم مەزكۇر شەخس ئەۋەتكۈچى دۆلەتنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىشى شەرت بولسا، مەھكىمە بۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرغا قويسا بولمايدۇ، مەھكىمە مەزكۇر شەخس ئەۋەتكۈچى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقىغا ئاۋۋال ئېرىشكەندىن باشقا، شۇ ئەۋەتكۈچى دۆلەت ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلسا بولىدۇ.

## توقسان توققۇزىنچى ماددا

## توقسان ئۈچىنچى ماددىغا ۋە توقسان ئالتىنچى ماددىغان ئاساسلانغا تەلەپنىڭ ئىجرا قىلىنىشى

1. ياردەملىشىش تەلپى، تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئالاقىدار تەرتىپ بويىچە، شۇ دۆلەتنىڭ قانۇنىدا چەكلەنمىگەن ئەھۋالدا، تەلەپنامە ئېنىق كۆرسەتكەن شەكىل بويىچە ئىجرا قىلىش، يەنى تەلەپنامىدە تىزىپ چىقىلغان تەرتىپ بويىچە ئىجرا قىلىش، ياكى تەلەپنامىدە كۆرسىتىلگەن شەخس تەرتىپنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا نەق مەيدانغا كېلىپ ياردەم بىلەن تەمىنلەش.

2. جىددىي تەلەپكە دۇچ كەلگەندە، مەھكىمەنىڭ تەلپى بويىچە، جاۋاپ بېرىلگەن ھۆججەت ياكى دەلىل-ئىسپاتلار جىددىي يوللىنىشى كېرەك.

3. تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ جاۋابى ئۇنىڭ دەسلەپكى تىل-يېزىقى ۋە شەكلى ئارقىلىق يەتكۈزىلىدۇ.

4. مەزكۇر قىسىمنىڭ باشقا ماددىلىرىغا دەخلى يەتكۈزمىگەن ئەھۋالدا، ئىجرا قىلىشقا بولىدىغان بىر تۈرلۈك تەلەپنى ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ھەرقانداق مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللىنىش ھاجەتسىز. بولۇپمۇ ئىختىيار قىلىش ئاساسىدا مەلۇم شەخس بىلەن يۈزتۈرانە سۆزلىشىش ياكى شۇ شەخسدىن ئىسپات ئېلىش، جۈملىدىن ئىجرا تەلىپى ئۈچۈن ھەقىقەتەن زۆرۈر بولغاندا، شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەت دائىرىلىرى نەق مەيداندا بولماسلىق تەلەپ قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا يۇقارقى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭدەك ئۆزگىرىش بولمىغان شارائىتتا جامائەت نەق مەيدانى ياكى باشقا جامائەت سورۇنلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، تەپتىش ئەمەلدارى زۆرۈر تېپىلغاندا تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر دۆلەت چېگرىسى ئىچىدە بۇخىل تەلەپنى بىۋاستە ئىجرا قىلسا بولىدۇ:

1) ئەگەر تەلەپ قىلىنغان شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەت شىكايەت قىلىنغان جىنايەت ئۆزى تەۋەسىدە يۈز بەرگەن دۆلەت بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇن سەككىزىنچى ياكى ئون توققۇزىنچى ماددىغا ئاساسەن قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ھۆكۈم بولسا، تەپتىش ئەمەلدارى كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەر بىلەن بارلىق مۆمكىنچىلىك ئۈستىدە كېڭەشكەندىن كېيىن بۇ خىل تەلەپنى بىۋاستە ئىجرا قىلسا بولىدۇ.

2) باشقا ئەھۋالدا، تەپتىش ئەمەلدارى كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەر بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن، شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر ئوتتۇرغا قويغان ھەرقانداق مۇۋاپىق شەرت بويىچە بۇخىل تەلەپنى ئىجرا قىلىشقا دىققەت قىلسا بولىدۇ. ئەگەر كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەت مۇشۇ تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىش تەلىپىدە مەسىلە بارلىقنى بايقىسا، مەزكۇر كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەت دەرھال مەھكىمە بىلەن كېڭىشىپ ھەل قىلىشى كېرەك.

5. يەتمىش ئىككىنچى ماددىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مەھكىمىنىڭ سوتقا قاتنىشىپ گۇۋاھلىق بەرگەن ياكى گەپ سوراشنى قوبۇل قىلغان شەخسنىڭ دۆلەت خەۋىپسىزلىكىگە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى نەقىل كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولىدىغان چەكلەش شەرتلىرى بۇ ماددىدا كۆرسىتىلگەن ياردەملىشىش تەلىپىنى ئىجرا قىلىشقىمۇ تەتبىقلىنىدۇ.

يۈزىنچى ماددا

خىراجەت

1. تەلەپ قىلىنغۇچى دۆلەت چېگرىسى ئىچىدە تەلەپنى ئىجرا قىلىشقا كېتىدىغان نورمال ھالەتتىكى خىراجەتلەرنى مەزكۇر دۆلەت ئۈستىگە ئالىدۇ. لېكىن تۆۋەندىكى خىراجەتلەرنى مەھكىمە ئۈستىگە ئالىدۇ:

1) گۇۋاھچىلار ۋە باھالىغۇچىلارنىڭ يول خىراجىتى ۋە بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك خىراجەت، ياكى توقسان ئۈچىنچى ماددىغا ئاساسەن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگۈچىگە ئالاقىدار خىراجەت.

2) يېزىقچە تەرجىمە، ئاغزاكى تەرجىمە ۋە پۈتۈكچىلىك خىراجىتى.

3) سوتچى، تەپتىش ئەمەلدارى، ياردەمچى تەپتىش ئەمەلدارى، باش پۈتۈكچى، باش پۈتۈكچى ياردەمچىسى، مەھكىمىنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ساياھەت ۋە تۇرمۇش خىراجىتى تولۇقلىمىسى.

4) مەھكىمە تەلەپ قىلغان ھەرقانداق باھالاش پىكرى ياكى دوكىلاتىغا سەرپ قىلىنىدىغان خىراجەت.

5) قاماپ تۇرغان دۆلەت مەھكىمىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن شەخسكە مۇناسىۋەتلىك خىراجەت.

6) كېڭىشىپ بېكىتىلگەن ھەرقانداق ئىجرا تەلىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە خىراجەت.

2. بىرىنچى تارماقتىكى بەلگىلىمە شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتنىڭ مەھكىمىگە قويغان تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. بۇنداق ئەھۋالدا، مەھكىمە ئىجرا تەلىپىنىڭ ئادەتتىكى خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

بىر يۈز بىرىنچى ماددا

ئالاھىدە بەلگىلىمە

1. بۇ ئەھدىنامىگە ئاساسەن مەھكىمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن شەخس ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى سادىر قىلغان، مەزكۇر شەخسنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشىگە سەۋەب بولغان جىنايى قىلمىشنىڭ سىرتىدىكى باشقا ھەرقانداق قىلمىش ياكى ھەرىكەت جەريانى سەۋەبلىك سوت قىلىنسا ياكى جازالانسا ياكى قاماپ قويۇلسا بولمايدۇ.

2. مەھكىمە ئۆزىگە خادىم ئۆتكۈزۈپ بەرگەن دۆلەتتىن بىرىنچى تارماقتا بەلگىلەنگەن تەلەپتىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ھەمدە زۆرۈر تېپىلغاندا توقسان بىرىنچى ماددا بويىچە قوشۇمچە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىسە بولىدۇ. شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەت مەھكىمىگە قارشى ھالدا بۇ ھۆكۈمدىن ۋاز كېچىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھەم بۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

بىر يۈز ئىككىنچى ماددا

ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى

بۇ كېلىشىمنىڭ مەقسىدى ئۈچۈن:

1. ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـــ بىر دۆلەتنىڭ بۇ بەلگىلىمە بويىچە مەھكىمەگە مۇئەييەن شەخسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

2. قايتۇرۇپ بېرىش ـــ بىر دۆلەتنىڭ شەرتنامە، ئەھدىنامە ياكى ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنىغا بىنائەن يەنە بىر دۆلەتكە مۇئەييەن شەخسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئونىنچى بۆلۈم: ئىجرا قىلىش

بىر يۈز ئۈچىنچى ماددا

دۆلەتنىڭ قاماق جازاسىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى رولى

1. 1) مەھكىمە جازا ھۆكۈم قىلىنغان شەخسنى قوبۇل قىلىنىشى خالايدىغان دۆلەتلەر تىزىملىكىدىكى بىر دۆلەتنى تاللاپ، شۇ دۆلەتتە جازانى ئىجرا قىلىشى كېرەك.

2) بىر دۆلەت جازالانغۇچى شەخسنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، بۇ بۆلۈمدە بەلگىلەنگەنلەرگە ئۇيغۇن بولغان ۋە مەھكىمە قوشۇلىدىغان قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى قويسا بولىدۇ.

3) كونكېرت بەلگىلەنگەن دۆلەت مەھكىمە چىقارغان ئۇقتۇرۇشنى قوبۇل قىلىدىغان-قىلمايدىغانلىقىنى تېز سۈئەتتە مەھكىمىگە ئۇقتۇرۇشى كېرەك.

2. 1) ئىجرا قىلغۇچى دۆلەت قاماق جازاسىنى ئىجرا قىلىش شەرتى ياكى دەرىجىسىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ئەھۋالنى، جۈملىدىن بىرىنچى تارماقتا پۈتۈشكەن ھەرقانداق شەرتكە ئاساسەن مەھكىمەگە ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك. مەھكىمە ئاز دىگەندە 45 كۈن بۇرۇن ھەرقانداق ئەھۋالنى ئالدىن بىلىش ئۇقتۇرىشىغا ئېرىشىشى كېرەك. بۇ مەزگىلدە، ئىجرا قىلغۇچى دۆلەت شۇ دۆلەتنىڭ 110- ماددا

ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيىتىگە خىلاپلىق قىلىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ھەرىكەتنى قوللانسا بولمايدۇ.
2) ئەگەر مەھكىمە بىرىنچى تارماقتىكى ئەھۋالغا قوشۇلمىسا، ئىجرا قىلغۇچى دۆلەتكە ئۇقتۇرۇش قىلىشى ھەمدە 104- ماددىنىڭ 1- تارمىقىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك.

3. مەھكىمە 1- تارماقتا بەلگىلەنگەن دۆلەتنىڭ ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىش ھوقوقىنى يۈرگۈزگەندە، تۆۋەندىكى ئامىللارنى ئويلىشىشى كېرەك:

1) شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر قاماق جازاسى جاۋاپكارلىقىنى ئىجرا قىلىش پىرىنسىپى. يەنى شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر تەرتىپ ۋە دەلىل- ئىسپات قائىدىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئادىل تەقسىم قىلىش پىرىنسىپىغا ئاساسەن بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

2) مەھبۇسلار تەمىناتى جەھەتتە كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىنىدىغان خەلقئارا شەرتنامە ئۆلچىمى تەتبىقلىنىدۇ.

3) جازالانغۇچىنىڭ پىكرى.

4) جازالانغۇچىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى.

5) ئىجرا قىلغۇچى دۆلەتنى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ئەھۋالغا قاراپ ئويلىنىشقا تېگىشلىك باشقا ئامىللار، جۈملىدىن جىنايى قىلمىشى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئەھۋالى ياكى ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىش ئامىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. ئەگەر بىرىنچى تارماقتا بەلگىلەنگەن ھەرقانداق دۆلەت بولمىسا، ئۈچىنچى ماددىنىڭ ئىككىنچى تارمىقىدىكى باش شتاپ كېلىشىمىدە بەلگىلەنگەن شەرت بويىچە، ساھىبخان دۆلەت تەمىنلىگەن تۈرمە ئەسلىھەلىرىدە قاماق جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، مەھكىمە قاماق جازاسىنى ئىجرا قىلىشقا كېتىدىغان خىراجەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

## بىر يۈز تۆتىنچى ماددا

## بەلگىلەنگەن ئىجرا قىلغۇچى دۆلەتنى ئۆزگەرتىش

1. مەھكىمە جازالانغۇچىنى ھەرۋاقىت باشقا بىر دۆلەتنىڭ تۈرمىسىگە يۆتكەشنى قارار قىلسا بولىدۇ.

2. جازالانغۇچى ئىجرا قىلغۇچى دۆلەتكە يۆتكىلىشى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت مەھكىمىگە ئىلتىماس سۇنسا بولىدۇ.

## بىر يۈز بەشىنچى ماددا

## جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى

1. بىر دۆلەتنىڭ 103- ماددا بىرىنچى تارماقنىڭ ئىككىنچى تۆرىدىكى قوشۇمچە شەرتلەردىن باشقىسىغا ئاساسلىنىش ئېھتىمالى بولسا، قاماق جازاسى ھۆكۈمى شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەرگە نىسبەتەن چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر بۇنىڭغا ھەرقانداق شەكىلدە تۈزىتىش كىرگۈزەلمەيدۇ.

2. نارازىلىق ئەرزى ۋە ھەر قانداق تۆردىكى ئۆزگەرتىلگەن ھۆكۈمگە ئالاقىدار ئىلتىماسقا ھۆكۈم چىقىرىش پەقەت مەھكىمىلا ھوقۇقلۇق. ئىجرا قىلغۇچى دۆلەتنىڭ جازالانغۇچىنىڭ ئىلتىماسىغا ھەر قانداق شەكىلدە توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

## بىر يۈز ئالتىنچى ماددا

جازا ھۆكۈم قىلىشنى نازارەت قىلىش ۋە قاماش شەرتلىرى

1. قاماق جازاسىنىڭ ئىجراسى مەھكىمىنىڭ نازارىتىدە بولۇشى، ھەمدە مەھبۇسنىڭ تەمىناتى جەھەتتە كەڭ دائىردە قوبۇل قىلىنغان خەلقئارالىق شەرتنامىنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك.
2. قاماش شەرتى ئىجرا قىلغۇچى دۆلەتنىڭ قانۇنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ھەمدە مەھبۇس تەمىنات جەھەتتە كەڭ دائىردە قوبۇل قىلىنىدىغان خەلقئارا شەرتنامىنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك، لېكىن شەرتنىڭ كەڭچىلىك قىلىنىشى ۋە قاتتىق ئىجرا قىلىنىشى ئىجرا قىلغۇچى دۆلەتنىڭ ئوخشاش تۈردىكى جىنايەتلىرىدىن پەرقلەنمەسلىكى كېرەك.
3. جازالانغۇچى بىلەن مەھكىمە ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە توسقۇنلۇقسىز ئۈچىرىماسلىقى، شۇنداقلا مەخپىيەتلىكنى ساقلىشى كېرەك.

بىر يۈز يەتتىنچى ماددا

جازا ئۆتىگۈچىنىڭ جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىنكى ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى

1. ئىجرا قىلغۇچى دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولمىغان شەخس جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئىجرا قىلغۇچى دۆلەت مەزكۇر شەخسنىڭ شۇ دۆلەتتە قېلىشىغا رۇخسەت قىلغاندىن باشقا، مەزكۇر شەخس ئىجرا قىلغۇچى دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن شۇ شەخسنى قوبۇل قىلىش مەجبۇرىيىتى بار دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلسە ياكى شۇ شەخسنى قوبۇل قىلىشقا قوشۇلغان يەنە بىر دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلسە بولىدۇ. لېكىن مەزكۇر شەخسنىڭ شۇ دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى خالايدىغان خالىمايدىغانلىقى ئويلىشىلىشى كېرەك.
2. بىرىنچى تارماقا ئاساسەن مەزكۇر شەخسنى يەنە بىر دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە كېتىدىغان خىراجەتنى ھېچقايسى دۆلەت ئۈستىگە ئالمىسا، مەھكىمە ئۈستىگە ئالىدۇ.
3. 108- ماددىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلمىغان ئەھۋالدا، ئىجرا قىلغۇچى دۆلەت ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنى بويىچە مەزكۇر شەخسنى سوت قىلىش ياكى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن شۇ شەخسنى تەلەپ قىلغان دۆلەتتىن بىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەرسە بولىدۇ.

بىر يۈز سەككىزىنچى ماددا

باشقا جىنايەتلەر ئۈچۈن ئەرز قىلىنغان ياكى جازالانغان چەكلىمىسى

1. ئىجرا قىلغۇچى دۆلەتتىكى قوبۇل قىلىنغۇچى مەزكۇر شەخسنىڭ ئىجرا قىلغۇچى دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى سادىر قىلغان ھەرقانداق ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن دەۋا قىلىشقا ياكى جازاغا تارتىلىشقا ياكى 3- دۆلەتكە بېرىلىشىگە يول قويۇلمايدۇ، مەھكىمە ئىجرا قىلغۇچى دۆلەتنىڭ تەلىپى بويىچە، بۇخىل دەۋا، جازا ياكى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلۇشنى ھىسابقا ئالماسلىقى بۇنىڭ سىرتىدا.
2. مەھكىمە جازالانغۇچىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ ئىش توغرىسىدا قارار چىقىرىش كېرەك.
3. ئەگەر جازالانغۇچى مەھكىمە جازا مۇددىتىنى تولۇق ئىجرا قىلغاندىن كېيىن، ئىجرا قىلغۇچى دۆلەت تەۋەسىدە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قېلىپ 30 كۈندىن ئېشىپ كەتسە ياكى چىگرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يەنە

ئىجرا قىلغۇچى دۆلەت چىگرىسى ئىچىگە قايتىپ كەلسە، بىرىنچى تارماق قايتا تەتبىقلانمايدۇ.

## بىر يۈز توققۇزىنچى ماددا

### جەرىمانە قويۇش ۋە مۇسادىرە قىلىش تەدبىرىنى ئىجرا قىلىش

1. شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچى قانۇن تەرتىپىگە ئاساسەن، مەھكىمەنىڭ 7- بۆلۈمدىكى بۇيرۇقىغا ئاساسەن جەرىمانە قويۇش ياكى مۇسادىرە قىلىش جازاسىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك، لېكىن 3- تەرەپنىڭ ھوقوقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى لازىم.

2. ئەھدىنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر مۇسادىرە قىلىش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىغان تەقدىردە، ئۈچىنچى شەخسنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا زىيان سالمىغان ئاساستا مەھكىمىنىڭ مۇسادىرە قىلىش ئەمرىگە ئۇيغۇن ھالدىكى پايدىنى ياكى مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش تەدبىرىنى ئىشقا سالىدۇ.

3. شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر مەھكىمىنىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن مال- مۈلۈك، ياكى ئىجرا قىلىپ ئېرىشكەن كۆچمەس مۈلۈكنى سېتىش پايدىسى، ياكى باشقا ئىجرا قىلىپ ئېرىشكەن مال- مۈلۈكنىڭ پايدىسىنىڭ ئەھۋالغا قاراپ ساتسا، مەھكىمەگە تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك.

## بىر يۈز ئونىنچى ماددا

### سوت مەھكىمىسىنىڭ جازا كېمەيتىشىنى قايتا تەكشۈرۈشى

1. مەھكىمە ھۆكۈم ئېلان قىلغان جازا مۇددىتى توشۇشتىن ئىلگىرى، ئىجرا قىلغۇچى دۆلەت جازالانغۇچىنى قويۇپ بەرسە بولمايدۇ.

2. پەقەت مەھكىمە جازانى يېنىكلىتىش قارارى چىقىرىشقا ھوقوقلۇق. ھەمدە مەزكۇر شەخسنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ ئىش توغۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك.

3. جازا مۇددىتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئىجرا قىلىنىپ بولغان ياكى ئۆمۈرلۈك قاماققا ھۆكۈم قىلىنىپ ئاللىقاچان 25 يىل جازا مۇددىتىنى توشقۇزۇپ بولغان شەخسلەرنى مەھكىمە قايتا تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازازىنى يېنىكلىتەمدۇق يوق، دېگەننى بېكىتىشى كېرەك. بۇخىل قايتا تەكشۈرۈشنى يۇقارقى مۇددەت توشۇشتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ.

4. مەھكىمە ئۈچىنچى تارماققا ئاساسەن قايتا تەكشۈرگەندە، ئەگەر تۆۋەندىكى بىر ياكى بىر قانچە ئامىل مەۋجۇت دەپ قارىسا، جازانى يېنىكلىتىشكە بولىدۇ:

1) مەزكۇر شەخس مەھكىمىنىڭ تەكشۈرىشى ۋە دەۋا قىلىشى جەھەتتە مەھكىمە بىلەن ھەمكارلىششقا بىرقەدەر بالدۇر ھەمدە ئىزچىل رازى بولۇپ كەلگەن بولسا،

2) مەزكۇر شەخس باشقا جەھەتتە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھەمكارلىشىپ، مەھكىمىنىڭ ھۆكۈم ۋە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشىغا، بولۇپمۇ جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىش ياكى تۆلەم بېرىش بۇيرۇقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىغا ياردەملەشكەن بولسا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مال- مۈلۈكنىڭ ئىز- دېرىكىنى قىلىشقا بولىدۇ.

3) «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، باشقا ئامىللار ئەھۋالدا روشەن دەرىجىدە زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئىسپاتلىشى، جازانى يېنىكلىتىشتە يېتەرلىك سەۋەب ھازىرلىغان بولىدۇ.

5. ئەگەر مەھكىمە ئۈچىنچى تارماقتا ئاساسەن تۆنجى قېتىم قايتا تەكشۈرگەندىن كېيىن جازا يېنىكلىتىشكە بولمايدۇ دەپ ھۆكۈم قىلسا، «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» دا بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئارىلىقى ۋە تەتبىقلاش ئۆلچىمىگە ئاساسەن، جازانى يېنىكلىتىش مەسىلىسىنى قايتا تەكشۈرىشى كېرەك.

بىر يۈز ئون بىرىنچى ماددا

تۈرمىدىن قېچىش

ئەگەر جىنايىتى بېكىتىلگەن شەخس تۈرمىدىن قاچقان ھەمدە ئىجرا قىلغۇچى دۆلەتتىن قېچىپ كەتكەن بولسا، شۇ دۆلەت مەھكىمە بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن، جىنايەتچى تۇرۇشلۇق دۆلەتتىن ھازىر يولغا قويۇلىۋاتقان ئىككى تەرەپلىك ياكى كۆپ تەرەپلىك كېلىشىم بويىچە جىنايەتچىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ياكى مەھكىمەنىڭ توققۇزىنچى بۆلۈمى بويىچە جىنايەتچىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. مەھكىمە شۇ شەخسنى ئەسلىدىكى جايىدىكى دۆلەت ياكى مەھكىمە بېكىتكەن يەنە بىر دۆلەتنى يېتىشكە يوليورۇق بەرسە بولىدۇ.

ئون بىرىنچى بۆلۈم: شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر يىغىنى

بىر يۈز ئون ئىككىنچى ماددا

شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر يىغىنى

1. مەزكۇر ئەھدىنامە ئارقىلىق شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر يىغىنى تەسىس قىلىندى. شەرتنامە تۈزۈشكەن ھەربىر دۆلەتنىڭ يىغىندا بىردىن ۋەكىلى بولۇشى كېرەك، ھەمدە بىرقانچە مۇئاۋىن ۋەكىلى ۋە مەسلىھەتچىسى بولسا بولىدۇ. مەزكۇر ئەھدىنامىگە ياكى ئەڭ ئاخىرقى ھۆججەتكە ئىمزا قويغان دۆلەتلەر يىغىنىنىڭ كۆزەتكۈچىسى بولسا بولىدۇ.

2. يىغىندا:

1) تەييارلىق كومىتېتىنىڭ تەكلىپىنى ئۇيغۇن كۆرسە، ئۇنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، تەستىقلايدۇ.

2) مەھكىمە باشلىقلىرى يىغىنىغا، تەپتىش ئەمەلدارلىرىغا ۋە باش پۈتۈكچىگە مەھكىمىنىڭ مەمۇرىي خىزمىتىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش ئۈچۈرىنى تەمىنلەيدۇ.

3) 3- تارماقتا تەسىس قىلىنغان ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دوكلاتى ۋە پائالىيىتىگە قاراپ چىقىدۇ ھەمدە مۇۋاپىق ھەرىكەت قوللىنىدۇ.

4) مەھكىمىنىڭ خام چوتىغا قاراپ چىقىش ۋە قارار قىلىش.

5) ئۇتتۇز ئالتىنچى ماددىغا ئاساسەن سوتچىلارنىڭ سانىنى تەڭشەش – تەڭشىمەسلىكنى قارار قىلىش.

6) سەكسەن يەتتىنچى ماددىنىڭ بەشىنچى ۋە يەتتىنچى تارمىقىغا ئاساسەن ھەرقانداق ھەمكارلاشماسلىق مەسىلىسىگە قاراپ چىقىش.

7، مەزكۇر قائىدە ۋە «تەرتىپ ۋە ئىسپات نىزامى» غا ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەرقانداق باشقا فونكسىسيەلەرنى ئادا قىلىش.

3. 1) رەھبەرلىك يىغىن رەئىسى ھەيئىتى تەسىس قىلىشى، يىغىندا بىر رەئىس، ئىككى مۇئاۋىن رەئىس، 18 ئەزا سايلاپ چىقىش، ۋەزىپە مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇشى كېرەك.

2) رەئىسلىك ھەيئىتى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بۆلۈشى، بولۇپمۇ ئادىل رايون تەقسىماتى پرىنسىپى ۋە

دۇنيادىكى ھەرقايسى ئاساسلىق قانۇن سىستېمىسىغا تولۇق ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك.

3) رەئىسلىك ھەيئىتى ئېھتىياجغا قاراپ خالىغان ۋاقىتتا يىغىن ئاچىدۇ، لېكىن ئاز دېگەندە يىلدا بىر قېتىم يىغىن ئېچىشى كېرەك. ھەيئەت رىياسىتى رەھبەرلىكىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا ياردەملىشىدۇ.

4. يىغىن يەنە ئېھتىياجغا قاراپ شۆبە ئورگان تەسىس قىلسا بولىدۇ. تەكشۈرۈش، باھالاشقا ۋە تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدىغان مۇستەقىل نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى تەسىس قىلىشمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە. بۇنداق قىلىش مەھكىمىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چىقىمىنى تېجەيدۇ.

5) مەھكىمىنىڭ باشلىقى، تەپتىش ئەمەلدارى، باش پۈتۈكچى ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلى مۇۋاپىق ۋاقىتتا يىغىنغا ياكى رەئىسلىك ھەيئىتىنىڭ يىغىنىغا قاتناشسا بولىدۇ.

6) يىغىن مەھكىمە تۇرۇشلۇق جايدا ياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش شتابىدا يىلدا بىر قېتىم يىغىن ئېچىشى ھەمدە ئەھۋالغا قاراپ ئالاھىدە يىغىن ئېچىشى كېرەك. بۇ بەلگىلىمىدە كونكېرت بەلگىلەنگەن ئەھۋالنى ھىسابقا ئالمىغاندا، ئالاھىدە يىغىننى ھەيئەت رىياسىتى ئۆزى قارار قىلىشى ياكى شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسىم تەلىپىگە ئاساسەن ئېچىشى كېرەك.

7) ھەر بىر شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتنىڭ بىر ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولىشى كېرەك. يىغىن ۋە ھەيئەت رىياسىتى كېڭىشىش ئارقىلىق بىردەك قارار چىقىرىشى كېرەك. كېڭىشىپ بىرلىككە كېلەلمىگەندە، بۇ كېلىشىمدە ئايرىم بەلگىلىمە بولمىسىلا، تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بويىچە قارار چىقىرىشى كېرەك:

1) ماھىيەتلىك ئىشلارغا ئالاقىدار قارارلارنى چوقۇم يىنىغا قاتناشقان ھەمدە ئاۋاز بېرىشكە قاتناشقان كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپ ساندىكىلىرى ماقۇللىشى كېرەك، لېكىن ئاۋاز بېرىشتە قانۇندا بەلگىلەنگەن شەخس سانى كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىشى كېرەك.

2) ئالاقىدار تەرتىپ ئىشلىرىنى قارارى ئاۋاز بېرىشكە قاتناشقان كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى قارار چىقىرىشى كېرەك.

8. ھەرقانداق كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەت ئەگەر مەھكىمىنىڭ خىراجىتىگە چېچىلغان پۇلنى نېسى قالدۇرسا، ئۇنىڭ نېسى قالغان سوممىسى ئىلگىرىكى ئىككى يىللىق تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك چېچىلغان پۇلغا تەڭ بولسا ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، يىغىن ۋە ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئاۋاز بېرىش ھوقوقىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئەگەر قۇرۇلتاي نېسى قىلىشنى شۇ شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەت كونترول قىلالمايدىغان ئەھۋال كەلتۈرۈپ چىقاغان دەپ قارىسا، يىغىن يەنىلا شۇ شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتنىڭ يىغىنغا قاتنىششىغا ۋە ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئاۋاز بېرىشكە يول قويىدۇ.

9. يىغىن كېڭىشىش پىرىنسىپىنى ئۆز ئالدىغا تۈزۈشى كېرەك.

10. يىغىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ رەسمىي تىل- يېزىقى ۋە خىزمەت تىل-يېزىقىنى ئۆزىنىڭ رەسمىي تىل-يېزىقى ۋە خىزمەت تىل-يېزىقى قىلىشى كېرەك.

## 12- بۆلۈم: مالىيۋىي ئىشلار

### بىر يۈز ئون ئۈچىنچى ماددا

### مالىيە نىزامى

ئايرىم كونكېرت بەلگىلىمە بولغانلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، مەھكىمە ۋە شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنلىرى، جۈملىدىن ھەيئەت رىياستى ۋە شۆبە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىغىنلىرىدىكى بارلىق مالىيە ئىشلىرىنى مۇشۇ ئەھدىنامە ۋە شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر يىغىنى ماقۇللىغان مالىيە نىزامى ۋە تەپسىلى

قائىدىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

بىر يۈز ئون تۆتىنچى ماددا

خىراجەتنى تۆلەش ئۇسۇلى

مەھكىمە ۋە شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر قۇرۇلتىيى، ئۇلارنىڭ رەئىسلىك ھەيئىتى ۋە شۆبە ئاپپاراتلىرىنىڭ خىراجىتى، مەھكىمىنىڭ خىراجىتىدىن چىقىم قىلىنىدۇ.

بىر يۈز  ئون بەشىنچى ماددا

سوت ۋە شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر قۇرۇلتىيىنىڭ خىراجىتى

شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر قۇرۇلتىيى بېكىتكەن خام چوتنى مەھكىمە ۋە شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر قۇرۇلتىيى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ھەيئەت رىياسەتى ۋە شۆبە ئاپپاراتلىرى ئېھتىياجلىق خىراجەتنى تۆۋەندىكى مەنبەلەردىن تەمىنلەيدۇ:
1) شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتنىڭ تەقسىمات سوممىسى
2) بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تەمىنلەنگەن خىراجەت، بولۇپمۇ بىخەتەرلىك كېڭىشى تاپشۇرغان ئەھۋالغا مۇناسىۋەتلىك خىراجەت.

بىر يۈز ئالتىنچى ماددا

ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ياردەم قىلىش

115- ماددىغا تەسىر يەتكۈزمىگەن ئەھۋالدا، مەھكىمە شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر يىغىنىدا ماقۇللانغان ئالاقىدار ئۆلچەم بويىچە، ئارتۇقچە خىراجەت قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى، خەلقئارالىق تەشكىلاتلار، شەخسلەر، كارخانىلار ۋە باشقا ئەمەلىي گەۋدىلەرنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن قىلىنغان ياردىمىنى قوبۇل قىلسا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانسا بولىدۇ.

بىر يۈز ئون يەتتىنچى ماددا

تەقسىمات سوممىسى

پۈتۈشكەن نىسبەت سوممىسى جەدۋىلىگە ئاساسەن كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ پۇلىنى چېچىش كېرەك. بۇ نىسبەت سوممىسى جەدۋىلىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دائىملىق خام چوت قىلىپ تۈزگەن نىسبەت سوممىسى جەدۋىلىنى ئاساس قىلىش، ھەمدە شۇ نىسبەت سوممىسى جەدۋىلىدە قوللىنىلغان پىرىنسىپ بويىچە تەڭشەش كېرەك.

بىر يۈز ئون سەككىزىنچى ماددا

يىللىق تەكشۈرۈش

مەھكىمەنىڭ خاتىرىسى، ھېسابات دەپتىرى ۋە ھېساباتى، جۈملىدىن يىللىق مالىيە مەلۇمات جەدۋىلىنى ھەر يىلى مۇستەققىل مۇپەتتىش خادىمى تەكشۈرىدۇ.

ئون ئۈچىنجى قىسىم: ئاخىرقى ماددا

بىر يۈز ئون توققۇزىنچى ماددا

ئىختىلاپنى ھەل قىلىش

1. مەھكىمىنىڭ قانۇن يۈرگۈزۈش فۇنكسىيىسى توغرىسىدىكى ھەرقانداق ئىختىلاپ مەھكىمىنىڭ قارارى بويىچە ھەل قىلىنىدۇ.
2. ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەزكۇر كېلىشىمنى ئىزاھلاش ياكى تەتبىقلاشقا ئائىت ھەرقانداق باشقا ئىختىلاپ، سۆھبەت ئارقىلىق سۆھبەت باشلانغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەل قىلىنمىسا، كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەر يىغىنىغا تاپشۇرۇش كېرەك. يىغىن ئۆز ئالدىغا ئامال قىلىپ ھەل قىلسا بولىدۇ، باشقا چارىلەر ئارقىلىق ھەل قىلىسمۇ بولىدۇ، جۈملىدىن خەلقئارا سوت مەھكىمىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە خەلقئارا سوت مەھكىمىسگە تاپشۇرىدۇ.

بىر يۈز يىگىرمىنچى ماددا

ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قېلىش

بۇ كېلىشىمگە قارىتا ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قىلىشقا بولمايدۇ.

بىر يۈز يىگىرمە بىرىنچى ماددا

تۈزىتىش

1. مەزكۇر كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولۇپ يەتتە يىلدىن كېيىن، ھەرقانداق شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەت مەزكۇر كېلىشىمگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لاھىيىسىنى ئوتتۇرغا قويسا بولىدۇ. ھەرقانداق تەكلىپنىڭ لاھىيىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپىغا سۇنۇلىدۇ، باش كاتىپ ئۇنى تېزدىن بارلىق كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.
2. ئۇقتۇرۇش قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئۈچ ئايدىن كېيىن ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلىدىغان شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر يىغىنىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنىنى، يىغىنغا قاتناشقان ۋە ئاۋاز بېرىشكە قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى بۇ تەكلىپنى بىر تەرەپ قىلىش قىلماسلىقنى قارار قىلىشى كېرەك. يىغىن شۇ تەكلىپنى بىۋاستە بىر تەرەپ قىلسا ياكى چېتىشلىق مەسىلىلەر ئۈچۈن ئېھتىياجغا قاراپ يىغىن ئاچسا بولىدۇ.
3. تۈزىتىش دوكىلاتىنى شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر يىغىنىدا ياكى تەكشۈرۈش يىغىنىدا كېڭىشىپ

بىرلىككە كېلەلمىسە، چوقۇم كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپچىلىكى ماقۇللىشى كېرەك.

4. بەشىنچى تارماقتا بەلگىلەنگەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۈزىتىش دوكلاتى شەرتنامە تۈزىشكەن دۆلەتلەرنىڭ 8\7 قىسمى ب د ت باش كاتىپىغا تەستىقنامە ياكى قوبۇل قىلىش خېتىنى تاپشۇرۇپ بىر يىلدىن كېيىن، شەرتنامە تۈزۈشكەن بارلىق دۆلەتلەرگە كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

5. بۇ قائىدىنىڭ 5-،6-،7-،8- ماددىسىدىكى ھەرقانداق تۈزىتىش لاھىيىسى، شۇ تۈزىتىش لاھىيىسىنى قوبۇل قىلغان شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر تەستىقنامە ياكى قوبۇل قىلىش خېتىنى تاپشۇرۇپ بىر يىلدىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. تۈزىتىش لاھىيىسىنى قوبۇل قىلمىغان شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەرگە قارىتا، مەھكىمە شۇ شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەت پۇقراسى سادىر قىلغان ياكى ئۇ تەۋەسىدە سادىر قىلغان تۈزىتىش لاھىيىسىدىكى جىنايەتلەرگە، باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقوقىنى يۈرگۈزسە بولمايدۇ.

6. ئەگەر تۈزىتىش لاھىيىسى تۆتىنچى تارماقتا ئاساسەن 8\7 شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشسە، تۈزىتىش لاھىيىسىنى قوبۇل قىلمىغان ھەرقانداق بىر دۆلەت تۈزىتىش لاھىيىسى كۈچكە ئىگە بولۇپ بىر يىل ئىچىدە ئۇقتۇرۇش قىلىپ بۇ ئەھدىنامىدىن چېكىنسە بولىدۇ، دەرھال كۈچكە ئىگە بولىدۇ، 127-ماددىنىڭ 1- تارمىقىدىكى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، لىكىن 127- ماددىنىڭ 2- تارمىقىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىش بېجىرىشى كېرەك.

7. ب د ت باش كاتىپى چوقۇم شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر يىغىنى ۋە تەكشۈرۈش يىغىنى ماقۇللىغان تۈزىتىش لاھىيىسىنى ھەرقايسى شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەرگە يەتكۈزىدۇ.

## بىر يۈز يىگىرمە ئىككىنچى ماددا

## تۈزۈلمە خارەكتىرلىك بەلگىلىمىنىڭ تۈزۈتىلىشى

1. 121- ماددىنىڭ بىرىنجى تارمىقىدا، ھەرقانداق شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەت بۇ ئەھدىنامىدىكى تۈزۈلمە مەسىلىسىگە چېتىلىدىغان بەلگىلىملەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لاھىيىسىنى ھەرۋاقىت ئوتتۇرغا قويسا بولىدۇ دەپ بىكىتىلگەن. بۇ بەلگىلىملەر 35- ماددا، 36- ماددىنىڭ 8-9،- تارمىقى، 37-، 38- ماددا، 39- ماددىنىڭ 1- تارمىقى ھەمدە 2-ۋە 4- تارمىقى، 42- ماددىنىڭ 4-تارمىقىدىن 9- تارمىقىغىچە، 43- ماددىنىڭ 2-ۋە 3- تارمىقى، 44-،46-،47-، 49- ماددا قاتارلىقلارنى تۈزىتىش لاھىيەسىنىڭ مەزمۇنىنى ب د ت باش كاتىپى ياكى شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر يىغىنىدا بەلگىلەنگەن باشقا شەخسلەرگە تاپشۇرۇش، ئۇنى تېز سۈرئەتتە شەرتنامە تۈزۈشكەن بارلىق دۆلەتلەر ۋە يىغىنغا قاتناشقان باشقا تەرەپلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش كېرەك.

2. بۇ ماددىدا ئوتتۇرغا قويۇلغان تۈزىتىش لاھىيسگە ئاساسەن، كېڭىشىپ بىرلىككە كېلەلمىسە، كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەر يىغىنى ياكى تەكشۈرۈش يىغىنى ئارقىلىق شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ ئۈچتە ئىككى قىسمىدىن كۆپچىلىكى ماقۇللىشى شەرت. بۇ خىل تۈزىتىش لاھىيسى يىغىن ۋە تەكشۈرۈش يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئالتە ئايدىن كيىن شەرتنامە تۈزۈشكەن بارلىق دۆلەتلەرگە كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

## بىر يۈز يىگىرمە ئۈچىنچى ماددا

## ئەھدىنامىگە قاراپ چىقىش

1. مەزكۇر ئەھدىنامە كۈچكە ئىگە بولۇپ يەتتە يىلدىن كېيىن ب د ت باش كاتىپى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش يىغىنى ئېچىشى كېرەك. مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ ھەرقانداق تۈزىتىش لاھىيىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، تەكشۈرۈش دائىرىسى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 5- تۈردە كۆرسىتىلگەن جىنايەت تىزىملىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.يىغىندا شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر يىغىنغا قاتناشقان دۆلەتلەر ئوخشاش بىر شەرت بويىچە قاتنىشىدۇ.

2. ھەرقانداق ۋاقىتتا، كېلىشىم تۈزۈشكەن بىر دۆلەتنىڭ تەلىپى بويىچە، 1- تارماقتىكى مەقسەت ئۈچۈن، كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قوللىسا، ب د ت باش كاتىپى تەكشۈرۈش يىغىنى ئېچىشى كېرەك.

3. تەكشۈرۈش يىغىنىدا قاراپ چىقىلغان ھەرقانداق كېلىشىم تۈزىتىش لاھىيىسىنىڭ ماقۇللىنىشى ۋە كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، 121- ماددىنىڭ 3- تارمىقىدىن 7- تارمىقىغىچە قوللىنىشى كېرەك.

## بىر يۈز يىگىرمە تۆتىنچى ماددا

## ئۆتكۈنچى تارماق

گەرچە 2- ماددىنىڭ 1- ۋە 2- تارمىقىدا، بىر دۆلەت بۇ ئەھدىنامە تۈزۈشكەن دۆلەت قاتارىغا كىرسە مەھكىمىنىڭ سەككىزىنچى ماددىدا بايان قىلغان بىر تۈرلۈك جىنايەتنى سوتلاش ھوقۇقىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى ئېلان قىلسا بولىدۇ. بۇ ئەھدىنامە شۇ دۆلەتكە كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىنكى 7 يىل ئىچىدە، ئەگەر ئۇنىڭ پۇقراسى بىر تۈرلۈك جىنايەت سادىر قىلدى دەپ ئەيىبلەنگەن بولسا، ياكى بىرى ئۆزىنىڭ چېگراسى ئىچىدە بىر تۈرلۈك جىنايەت ئۆتكۈزدى دەپ ئەيىبلەنگەن بولسا، شۇ دۆلەت مەھكىمىنىڭ 8- ماددىسىدىكى بىر خىل جىنايەتنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ ماددىغا ئاساسەن چىقىرىلغان باياناتنى خالىغان ۋاقىتتا قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ. 123- ماددىنىڭ 1- تارمىقى بويىچە چاقىرىلغان تەكشۈرۈش يىغىنىنى، مۇشۇ ماددىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرۈش كېرەك.

## بىر يۈزيىگىرمە بەشىنچى ماددا

## ئىمزا قويۇش، تەستىقلاش، قوبۇل قىلىش، مۇقىملاشتۇرۇش ياكى قاتنىشىش

1. مەزكۇر ئەھدىنامە 1998- يىلى 7- ئاينىڭ 17- كۈنى رىم ب د ت ئاشلىق ۋە يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتىنىڭ باش شتابىدا بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىمزالىشىغا ئېچىۋېتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، مەزكۇر ئەھدىنامە رىم ئىتالىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىدا داۋاملىق ئېچىۋېتىلگەن ھالدا ئىمزالاندى.

2. مەزكۇر ئەھدىنامە ئىمزا قويغۇچى دۆلەتنىڭ تەستىقى، قوبۇل قىلىشى ۋە تەكشۈرىشىدىن ئۆتۈشى كېرەك. تەستىقنامە، قوبۇل خېتى ۋە تەكشۈرۈش خېتى ب د ت باش كاتىپىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇلۇشى كېرەك.

3. بۇ كېلىشىم چوقۇم بارلىق دۆلەتلەرنىڭ قاتنىشىشىغا  ئېچىۋېتىلىشى كېرەك. قاتنىشىش ئىلتىماسى خېتى ب د ت باش كاتىپىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇلۇش كېرەك.

## بىر يۈز يىگىرمە ئالتىنچى ماددا

## كۈچكە ئىگە بولۇش

1. بۇ ئەھدىنامە 60 ـ تەستىقنامە، قوبۇل قىلىش خېتى، تەكشۈرۈش خېتى ياكى قوشۇلۇش خېتىنى ب د ت باش كاتىپىغا تاپشۇرۇلغان كۈندىن 60 كۈندىن كېيىنكى 1ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

2. 60ـ تەستىقنامە، قوبۇل قىلىش خېتى، تەكشۈرۈش خېتى ياكى ئەزا بولۇش ئىلتىماسى ساقلاشقا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ كېلىشىمگە ئەزا بولغان تەستىقلاش، قوبۇل قىلىش، تەكشۈرۈش ياكى كىرگەن ھەربىر دۆلەتكە نىسبەتەن، مەزكۇر كېلىشىم شۇ دۆلەت تەستىقنامە، قوبۇل قىلىش خېتى، تەكشۈرۈش خېتى ياكى كىرىش خېتىنى تاپشۇرغان كۈندىن باشلاپ 60 كۈندىن كېيىنكى بىرىنچى ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىن باشلاپ شۇ دۆلەتكە نىسبەتەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

بىر يۈز يىگىرمە يەتتىنچى ماددا

چېكىنىش

1. شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر ب د ت باش كاتىپىغا مەزكۇر ئەھدىنامىدىن چېكىنىپ چىقىشىنى يازمىچە ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك. بۇ كېلىشىمدىن چېكىنىپ چىقىش ئۇقتۇرشنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا بىر يىلدىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۇقتۇرۇشتا بۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى ۋاقىت كۆرسىتىلگەن بولۇشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

2. بىر دۆلەتنىڭ ئەھدىنامە تۈزۈشكەن دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئەھدىنامىگە ئاساسەن ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيىتى، جۈملىدىن ئۈستىگە ئېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق مالىيە مەجبۇرىيىتى كېلىشىمدىن چېكىنىش سەۋەبىدىن بىكار قىلىنمايدۇ. كېلىشىمدىن چېكىنىپ چىقىش كېلىشىمدىن چېكىنىپ چىققان دۆلەتنىڭ ئەسلىدىكى ھەمكارلىق مەجبۇرىيىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. كېلىشىمدىن چېكىنىش كۈچكە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى باشلانغان جىنايى ئىشلار بويىچە تەكشۈرۈش بىلەن دەۋادا مەھكىمە بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. شۇنداقلا شۇ سوت مەھكىمىسىنىڭ كېلىشىمدىن چېكىنىشى كۈچكە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى، مەھكىمىنىڭ قاراپ چىقىش جەريانىدىكى ھەرقانداق ئىشقا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ.

بىر يۈز يىگىرمە سەككىزىنچى ماددا

ئەسلى تېكىست

بۇ ئەھدىنامىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ب د ت باش كاتىپىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئۇ ئەرەبچە، خىتايچە، ئىنگلىزچە، فىرانسۇزچە، رۇسچە ۋە ئىسپانچە تېكىستلاردا ئوخشاش ئۈلچەمدە بولىدۇ. ب د ت باش كاتىپى بۇ كېلىشىمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ خاتالىق بولمىغان قوشۇمچە نۇسخىسىنى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

تۆۋەندىكى ئىمزا قويغۇچىلار ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي ھوقوق بېرىشى بىلەن بۇ ئەھدىنامىگە ئىمزا قويۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ.

1998ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 17ـ كۈنى رىمدا ئىمزالاندى